
چوپانى
ساۋاۋى قەلئە
مىللەتلەر نەشرىياتى

چوپانى

# ساماۋى قەلئە

مىللەتلەر نەشرىياتى

(京)新登字154号

**图书在版编目(CIP)数据**

神密的天宫:维吾尔文/乔法尼著.—北京:民族出版社,1995.3

ISBN 7—105—02170—5

Ⅰ.神… Ⅱ.乔… Ⅲ.短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔文 Ⅳ.I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(95)第04026号

民族出版社出版发行　各地新华书店经销

民族出版社微机照排

民族印刷厂印刷

开本:787×1092毫米 1/32 印张4 7/8

1995年4月第1版

1995年4月北京第1次印刷

印数:0001—2,000册 定价:3.20元

ISBN 7—105—02170—5/I·506

民　文　(维 79)

# ئاپتور ھەققىدە

چوپانى (مۇھەممەت ئەمەت)، 1962-يىلى قاغىلىق ناھە-يىسىنىڭ چوپان يېزىسىدا كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1979-يىلى يېزىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، 1988-يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1988-يىلدىن 1990-يىلغىچە قاغىلىق ناھىيىلىك ئو-قۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە بىلىم ئاشۇرغان. 1990-يىلدىن ھازىرغا قەدەر يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبى-يات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئۇ، 1984-يىلى «قەشقەر گېزىتى»گە بېسىلغان «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى بىلەن ئىجادى-يەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇندىن تارتىپ «شىنجاڭ ئۆس-مۈرلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، قەشقەر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «تارىم» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا «چوپانى» تەخەللۇسى بىلەن «بۇرۇنسىز ئەپەندى»، «ۋىسال قۇچقان مۇھەببەت»، «ساماۋى قەلئە» قاتارلىق 33 پارچە ھېكا-يىسى، 55 پارچە شېئىرى ئېلان قىلىنغان. «شاھزادە پەررۇخ-مەلىكە گۈلرۇخ» ناملىق كىلاسسىك داستاننى نەشرگە تەييارلا-پ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىللىق سانلىرىدا، «نادىرىل مېھراج» ناملىق كىتابتىن ئەجدادلار ۋەسىيەتلىرىنى نەشرگە تەييارلاپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلىدا ئېلان قىل-

غان. «ئورۇن بوشتىش» ناملىق ھېكايىسى «يۈز ھېكايە» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. «ئوغۇلنىڭ ئەندىشىسى» ناملىق ھېكايىسى ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قېتىملىق «غۇنچە مۇكاپاتى» ماقالا-ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدا 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىش-كەن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «بۇنى قانداقمۇ چۈش دېگىلى بولسۇن» ناملىق باللار ھېكايىلىرى توپلىمى («دادامغا يېزىلغان خەتلەر» ناملىق كىتاب ئىچىدە) نەشىر قىلىنغان.

ئاپتور، جوڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى-نىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


«ئويناڭ، دەردى بار باللا» ........................ (1)

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ........................ (75)

پوچتىخانىدا ........................ (79)

ئورۇن بوشىتىش ........................ (80)

ۋىسال قۇچقان مۇھەببەت ........................ (82)

ساماۋى قەلئە ........................ (97)

ئوغۇلنىڭ ئەندىشىسى ........................ (104)

بىر پۇڭ پۇل ........................ (106)

ئۆزگىرىش ........................ (108)

پەزىلەتلىك بالا ........................ (111)

كېچىكىپ بېرىلگەن مۇكاپات ........................ (115)

ئۆزىنى ئالداش ........................ (119)

”مېنى كەچۈرۈڭلار“ ........................ (122)

ساۋاقداشلار ........................ (126)

ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق ........................ (129)

يولدا ........................ (132)

پىغانلىق خەت ........................ (137)

ئالماشتۇرۇلغان ئۆتۈك ........................ (143)

# ئويناڭ، دەردى بار باللا

## 1

ئادۋوكاتىمنىڭ ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى مېنى شۇنداق ھەيران قالدۇردىكى، گويا ئەسەبلىرىم تورمۇزلىنىپ قالغاندەك، قارچۇقلىرىم قېتىپ قالغاندەك ئۇنىڭغا ھېس-تۇيغۇسىز، ئىپادىسىز قاراپلا قالدىم. 23 ياشلاردىكى بۇ ساھىبجامالنىڭ، يەنە كېلىپ شىنجاڭ داشۆنىڭ سىياسى-قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ئالىي مەلۇماتلىق بىر پەرىنىڭ 45 ياشقا كىرگەن مەندەك بىر چالغا كۆيۈشى، مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى كىمنىمۇ ھەيران قالدۇرمايدۇ، گاڭگىراتمايدۇ؟.

— نېمە بولدىڭىز؟

مەن گويا مەڭدىگەندەك چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈردۈم.

— ھېچ. ھېچنېمە، ئويلىنىۋاتىمەن، — دېدىم مەن دۇدۇقلاپ. لېكىن مەن ھېچنېمىنى ئويلىمىغان ئىدىم. تورمۇزلىنىپ قالغان تەپەككۇرلىرىم ئەمدىلەتىن ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى. ئويلىسامىمۇ ئەمدىرەك ئويلارمەن تېخى؟

— ئەگەر سىلىنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرغان بولسام. .

-- ياق. ياق، ئۇنداق دېمەك.

لاتاپەتلىك بۇ قىز جاۋابىمغا، ياق، مۇھەببىتىمگە تەلمۈ-
رۈپ تۇراتتى، مەندىن سۆيگۈ تاما قىلىپ تۇراتتى. شۇنداق،
ئۇ ماڭا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ راستىنلا ماڭا -- مۇھەببىتىمگە
تەلمۈرۈۋاتامدۇ ياكى بانكىدىكى پۇللۇرۇمغىمۇ؟ ئۇ ماڭا
كۆيۈپ قالدىمۇ ياكى ”تويوتا“، جىپلىرىمغىمۇ؟

مەن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى پرىيوم قىلىپ باقماقچى
بولغاندەك نىگاھلىرىمنى ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزىنىڭ ئەڭ
چوڭقۇر يەرلىرىگە شۇڭغۇتتۇم. بىراق، نىگاھلىرىمنى ئۇنىڭ
تەبەسسۇم لەشكەرلىرى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى! يۈرىكىمگە تاتلىق-
قىنە بىر نەرسە سۇۋالغاندەك بولدى. ئۇ نېمىدۇ؟

”ئۇنىڭغا سۆيگۈ-مۇھەببىتىم لازىم بولۇپ قالدىمۇ ياكى
پۇللۇرۇممۇ؟ پۇلۇم لازىم بولۇپ قالغان بولسا، نېمىشقا ئۆتكەن-
دە ئىككى مىڭ كوي پۇلۇمنى زورلاپ، يالۋۇرۇپمۇ ئالدۇرالمى-
دىم؟. شۇ ئارقىلىق مەندىن تېخىمۇ جىقراق نەپ يۇلىۋېلىش-
نى نىيەت قىلدىمۇ-يا؟. بۈگۈنكى قىزلار نېمىشقا جۆرە
تاللاشتا چىرايىنى، پۇلنى ئۆلچەم، شەرت قىلىشىۋالىدىغاندۇ؟
مېنى شۇ چىراي، شۇ پۇل ئازابقا، ئەلەم-ھەسرەتكە مۇپتىلا
قىلغانغۇ؟ نېمىشقا شۇ چىرايىم، شۇ پۇللۇرۇم بىلەن بەختلىك
بولالمىدىم؟.

ئۇ، مۇھەببىتىمگە تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

شۇنداق، ئۇ ماڭا ھەقىقىي كۆيۈپ قالغان ئىدى، كەچۈر-

مىشلىرىمنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ بىر كاشكى، ئاڭلاپ تۇرۇپ ماڭا كۆيۈپ قالغىنى نېمىسى؟ مېنىڭ پەسكەش ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ ماڭا ئاشىق بولۇپ قېلىشنى نېمە دەپ چۈشىنىش مۇمكىن؟ بۇ نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ بۇ سۆيگۈ پەلسەپىسىمۇ؟ سۆيگۈ لوگىكىسىمۇ؟ سۆيگۈ قانۇنىيىتىمۇ؟

## 2

—— سىڭگەن نېنىڭنى يەپ ئىشىڭنى قىل، ئايبەگ. گۆشنى پايدا ئالالمىغان خاڭدىن سەن قانداق قىلىپ پايدا ئالالايسەن؟

—— خۇداغا شۈكرى دەپ، خۇمدانچىلىقىڭنى قىلىۋەر. گۆشنى پايدا ئالالىغان بولسا، ساڭا تۇتقۇزۇپ قويامتى خاڭنى؟

—— ئالتە پاتمان زىيان تارتىپ لايبەگ بولۇپ قالما يەنە!

—— بىزنى دوست ئورنىدا كۆرسەڭ، گېپىمىزگە ماقۇل دە. بۇ ئىپتىدائى خاڭ سېنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ چوقۇم!

—— 200 مىڭ كوي دېگەن ئاز پۇل ئەمەس جۇما، ئوبدان ئويلاپ باق!

—— پۇللۇرۇڭنى تۆمۈر-تەسەك، تاش-تۇپراققا ئايلاندۇراي، دەپسەن-دە!

——

—— مەيلى، بىر قىلىپ باقاي. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم. ناھايىتى زىيان تاتسام 50-60 مىڭ كويدىن قۇرۇق قالارمەن. دوستلىرىم بىلەن بولغان تالاش-تارتىشلارنىڭ قۇيرۇقىنى

ئەنە شۇنداق چورتلا ئۇزدۇم-دە، يېزىلىق ھۆكۇمەتنىڭ زاۋاللىقا يۇزلىنىۋاتقان ئىپتىدائى خېچىنى 2 يۇزمىڭ كوي تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن بەش يىللىق ھۆددىگە ئېلىپ، توختامنامىغا قول قويدۇم.

مەن جىددىي ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم. ئالدىرىمىسام بولمايتتى. چۈنكى كۆمۈرنىڭ چاپ-چاپ ۋاقتى — كۈز، قىش ئايلىرى ئۆتۈپ كەتسە، دەسلىۋېدىلا زىيان تارتاتتىم. مېنىڭ ماڭا يۆلەك بولىدىغان، قول-قانات بولىدىغان، مەسلىھەت ۋە ياردەم بېرىدىغان نە ئاتا-ئانام، نە ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭلىم، نە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم بولسۇن؟ بىرلا قىزىم بار شۇ. ئۇمۇ تېخى قېشىمدا يوق، ئۈرۈمچىدە — داشۆدە. شۇڭا، ماڭا دوست-بۇرادەرلىرىم ياردەم بېرىۋاتاتتى، قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولىۋاتاتتى. بىز ئاۋۋال لايىنىڭ ئاستىدا قالغان رېلىس، ۋاگونلارنى كولاپ ئالدۇق (بىر خاڭغىلا رېلىس ياتقۇزۇلغان بولۇپ، سەل ئاپتىدە ۋەيران بولغانىدى). بۇزۇلغان ئۇسكۇنىلەرنى ۋە ئىشلىتىشكە بولىدىغان خاڭلارنى رىمونت قىلدۇق. ئاڭغىچە، ئۈرۈمچىگە كەتكەن دوستلىرىم رېلىس، ۋاگون، تارتىش ماشىنىسى. . . قاتارلىق ئېھتىياجلىق ئۇسكۇنە، ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەپبولدى. خاڭلارغا رېلىس ياتقۇزۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ بولغۇچە بولغان 8 ئاي ئىچىدە يەنە ئىككى خاڭ ئېغىزلاپ بولدۇق.

10-ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ كۆمۈر سېتىشقا باشلىدۇق. جىلغا ئىچى دەسلەپ دېھقانلارنىڭ ئېشەك ھارۋىلىرى، سوپەكلىر-

-رى بىلەن توشۇپ كەتكەن بولسا، كېيىنرەك قوشنا يېزا-
ناھىيە، شەھەرلەردىن كەلگەن ئاپتوموبىللار بىلەن ئاۋاتلىشىپ
كەتتى. جىلغا ئىچىگە گويا بىرسى ئورۇغ چېچىۋەتكەندەكلا
ئاشپەز، ناۋاي، قاسساپ، باغقالچىلار... ئارقا-ئارقىدىن ئۆ-
نۈشكە باشلىدى. ھاك پىشۇرىدىغانلارمۇ، كۆمۈرچىلىك قىلىدى-
غانلارمۇ بەس-بەس بىلەن كۆپەيدى.

ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقارغان كۆمۈرلىرىنىڭ
ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ ھەق ئالاتتى. ئىشلەيمەن، دەپ كەلسە
ئىشقا ئالدىم كېتىمەن، دېسە چىرايلىقچە خوش دەپ قويدۇم.
ئىشقىلىپ كىمدە كىم بولسۇن پۇلسىز قالمىسۇن-دە. پۇل مېنى
بەختتىن مەھرۇم قويغان ئەمەسمۇ؟ ئۇ چاغدا پۇل تاپىدىغان
مۇشۇنداق بىرەر كان-كارخانا بولغان بولسا، مەن بۇنداق بەخت-
سىز بولۇپ قالماس ئىدىم. پەقەت پۇل ئارقىلىقلا بەختكە ئې-
رىشكىلى بولىدىغان بولسا، ئادەملەر پۇل تاپسۇن. مەندەك
بەختسىز بولۇپ قالمىسۇن. مەن ئۇلارنىڭ مۇشۇ يول بىلەن
(پۇل بىلەن ) ئېرىشىدىغان بەختى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت
يارىتىپ بېرىشكە ھەرۋاقىت تەييار. يېگىدىن يەنە خاڭ ئاچىمەن
(باشقا ئورۇندىن)، خىش زاۋۇدى قۇرىمەن. بۇ -- مې-
نىڭ يىلىكسىز تەسەۋۋۇرۇم ئەمەس، كېلەر يىللىق پىلانىم --
قۇۋۋەتلىك غايەم! ئادەملەر پۇل تاپسا، راستىنلا بەختلىك بولا-
لارمۇ؟ ئەمىسە مەن نېمىشقا بەختلىك بولالمايمەن؟ ھازىر مې-
نىڭ خەجلەپ تۈگىتەلمىگۈدەك پۇلۇم بارغۇ؟...

ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 4 مىڭ كويلۇق كۆمۈر

سېتىلىۋاتاتتى. ھەر يىلى 10-ئايدىن كېلەر يىلى 3-ئايغىچە مۇشۇ سان بويىچە كۆمۈر سېتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

ھەش-پەش دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇيىل باشقا ئورۇندىن ئاچىدىغان خاڭنى ئېچىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇ-رۇۋالغان، خىش زاۋۇدىنى قۇرۇپ راۋانلاشتۇرۇۋالغان ئىدىم.

— پېشانىسى ئوڭ نېمىكەن جۇمۇ-بۇ. ئۇنداق دەپ، مۇن-داق دەپ ئاخىرى كاتتا كارخانىست بولۇپ كەتتى-يا!

— شۇنى دەيمىنا، لايىبەگ بولۇپ قالارمىكى دېسەم، بول-مىدى ئاخىر، — بىر پاھىشىۋازنىڭ مىليونېر بولۇپ كەتكىنى-گە قاراڭلا.

— . . . .

دوستلىرىمنىڭ يۇقىرىقىدەك چاقچاق، ماختاش-مەدھىيە-لىرى تەۋىمنى تاغدەك ئۆستۇرۇپ، ئىشەنچىمنى ئۇرغۇتقان بول-سىمۇ، لېكىن ئەڭ ئاخىرقى چاقچاق يۈرىكىمنىڭ بىغىشىغا "قاسسىدە" تېگىپ، مېنى خۇددى تامدا ئۆسكەن يۇمران مايسى-دەك سولاشتۇرۇپ قويدى. قەلبىمدىكى زوق-ھاياجان ئەلەم ھەسرەتكە ئالماشتى. چىرايىمنىڭ تاتىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئىشخانامغا چىقىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم، قو-لۇمنى گېرەلەشتۇرۇپ گەدىنىمگە قويدۇم.

مەندەك بىر پاھىشىۋاز-ھە؟

## 3

مەن يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۇرۇپ كەنتىمگە قايتىپ كەلدىم. كېلىشىمگىلا، سايىت دۈيجاڭ:

-- هە، ئايبەگجان، نېمىش قىلاي دەيسىلە ئەمدى؟ -- دەپ سوراپ بولدى.

-- نېمە ئىشقا سالسىلا شۇ ئىشنى قىلامە ئەمدى.

-- قانداق، كۆسەر تىككۈدەك بولغاندىمىز؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا يېتىم بېشىمنى ئاتىلارچە مېھرى بىلەن سىيلىغان مەكتەپ مۇدىرى ئېسىمگە كەپقالدى. ئۇ مېنى "يېتىم بالا" دەپ مەكتەپ سەيپۇڭخانىسىغا ئەكىرىپ بەرگەن ئىدى. مەن چۈشكىچە دەرس ئوقۇپ، چۈشتىن كېيىن ھۈنەر ئۆگىنەتتىم. ھەتتا دەم ئېلىش، بايرام، تەتىل كۈنلىرىمۇ ئۆيگە بارمايتتىم.

-- ئىشقىلىپ ھەپىلىشىپ باقسام 5-10 كۈندە بىرنى تىكەلەرمەن.

-- كۆسەر تىككۈدەك بولغان بولسالڭ ئەمىسە، سەيپۇڭخانىدا ئىشلەمسەن؟

مەن گەدىنىمنى قاشلىدىم.

-- گەدىنىڭنى قاشلايسەنغۇ؟ كەتمەن چاپقۇڭ بارمىدى-يا؟

-- كەتمەن چاپقۇمغۇ يوق... شۇ... ماشىنام بولمىسا مېنىڭ.

-- ماشىنىنى دۇيدىن ئەپبېرىمىز، قانداق؟

-- بارايمىكى ئەمىسە.

-- مىكى-مىكىنى قويۇپ، ئەتە سەيپۇڭخانىغا بار.

-- رەھمەت سىلىگە، دۇيجاڭغا... -- مەن دۇيجاڭغا رەھمەت-قەشەككۈرنى سانىماي بېرىۋەتتىم.

ئەتىسى سەيپۇڭخانىغا باردىم. ماڭا كىمدۇر بىرسىدىن مۇ-سادىرە قىلىنغان بىر نېمكەش ماشىنىنى بېرىشتى. شۇنداق قىلىپ مەن ئىشقا چۈشۈپ كەتتىم. دۇكاندا 6 ئۇستام بار ئىكەن، مەن بىلەن 7 بولدۇق. رۇسۇل ئىسىملىك بىر سەپرا مىجەز ئادەم بىزگە مەسئۇل ئىدى. ئۇ كېسىپ بېرەتتى، بىز تىكەتتۇق. گەرچە قولۇمغا نەخ پۇل تەگمىسىمۇ، قەۋەتلا خوش ئىدىم. سايىت دۇيجاڭنى بىر يەردە كۆرسەم خۇشامەت قىلىپ كېتەتتىم. چۈنكى دۇينىڭ ئېغىر ئەمگەك، سەھەرلىك دولقۇن-لىرىغا، جانغا ئىككەك سالغۇچى ساي قۇرۇلۇشلىرىغا، سىرتلار-دىكى ھاشا-مەدىكارلارغا چىدىشىپ بولالمايتتىم-دە.

كۆڭلىرىم ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئانام، ئاشۇ بىچارە، كېسەلچان ئانام بارلىقىنى ماڭا بېغىشلايت-تى. كۆڭلۈم توق، باش-ئۇستۇم ئىسسىق بولۇپ، ئوشۇق-تۆ-شۇك غېمىم يوق ئىدى. قولۇمغا ئانچە-مۇنچە پۇلمۇ كىرىپ قالاتتى. چۈنكى ئاندا-ساندا يەڭ ئىچىدە ئىشمۇ ئېلىپ قوياتتىم. بۇنداق ئىشلارنىڭ سىمكىرى ئەرزان، لېكىن خەتىرى يامان ئىدى. نـاۋادا ئۇقۇپ قـالسا. ئـاقىۋېتىـنى تـەسـەۋۋۇر قىلىپ بولمايتتى.

دۇكاندا ئەمگەك يېشىغا يەتمىگەن ئىككى ئوغۇل، 14-15 ياشلاردىكى ئۈچ قىز شاگىرت بار ئىدى. بۇلارغا مەن كېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي سايىت دۇيجاڭنىڭ بۇ يىل تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەن گۈلئەنبەر ئىسىملىك قىزى قوشۇلدى. 16 ياشلاردى-كى، شوخ، سۆزمەن بۇ قىز بىلەن دۇكان تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ

كەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرى، چاقچاقلىرى، سەبىي قىلىقلى-
رى، ئۆزئارا دومسىيىش-بۇتناشلىرى، غىڭشىپ ئېيتقان ئېزگۇ
ناخشىلىرى... ئىشقىلىپ ھەممە-ھەممە قىلىقلىرى ماڭا تولى-
مۇ قىزىق تۇيۇلۇپ، قەلبىمگە زوق بېغىشلايتتى. شۇڭىمىكىن،
كۈن چىقاردىن-كۈن پاتارغا تىنماي ئىشلىسەممۇ قىلچە چارچاش
ھېس قىلمايتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مې-
نى ”ئۇستام“مۇ دېمەيتتى، ”سىلە“، ”سىز“مۇ دەپ كەتمەيت-
تى. لېكىن ماڭا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. بىرى ئۇنى تەڭلىسە،
بىرى بۇنى تەڭلەيتتى. تەلپۈكىمنى پىر-پىرىگە ئېتىشىپ ئويناپ،
مېنى تېرىكتۈرمەكچى بولۇشاتتى. بىراق مەن تېرىكمەيتتىم.
دۇكاندا بەزىدە يالغۇز قالاتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار ئەتراپىمغا
ئولىشىۋېلىپ چىراييمنى تاماشا قىلىشاتتى.

باھار كېلىپ، زېمىن يېشىل تونغا ئورالغان بىر كۈنى
ئۇلار چىرايىمنى يەنە تاماشا قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىۋېلىشتى.

-- ۋۇيجۇن ما تازىنىڭ قېشىنى! -- دېدى گۈلئەنبەر
قېشىمنى بىگىز بارمىقى بىلەن سىيلاپ، -- مېنىڭمۇ مۇشۇنچە
لىك قېشىم بولغان بولسا نېمە بولاتتى-ھە؟

-- كۆزىنى دېمەمسەن تېخى! خۇددى گودەك قارا. قوي
كۆزى يەپمىدىكى ئانىسى.

-- قاڭشىرى تۇمۇرچى سوققاندەك.

-- ماڭلىيى قىز بالىنىڭ ماڭلىيىدەك خۇددى.

گەپ نۆۋىتى يەنە گۈلئەنبەرگە كەلدى.

-- قىز بالا بولغان بولسىمۇ بۇ تاز، ئاداش بولىۋالىدىكەن.

مەن! — ئۇ ۋىلىقلاپ كۈلدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

— ھازىرمۇ ئاداش بولىۋالساڭ ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدىم مەن كۈلكەمنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— شۇنداق قىلغىنا بولمىسا، گۈلئەنبەر، — دېدى ئوغۇل شاگىرتتىن بىرى. قىزلار كۈلۈشۈپ كەتتى. گۈلئەنبەر "ۋىللىدە" قىزاردى. ماڭا ھەمدەم بولغان بۇ شاگىرت بالىغا كۆڭلۈمدە رەھمەت ئېيتتىم.

— ۋايجان، ئىشىڭنى قىلغىنا ماڭ، سەندەك تاز بىلەن ئاداش بولمىساممۇ مەن.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى گۈلئەنبەر جىمغۇرلىشىپ كېتىۋاتات-تى. ئۇ بۇرۇنقىدەك ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئولتۇرمايتتى، قەھ-قەھ ئۇرۇپ كۈلمەيتتى، چاقچاق قىلمايتتى، قىزلارنىڭ گېپىگە ئارىلاشمايتتى. ئۇستىسى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىشنى خىياللاڭ-غاچ قىلىپ تۈگىتەتتى. ماڭا ئۇنى-بۇنى تەكلەيتتى، يۇ، لېكىن بۇرۇنقىدەك تەبەسسۇم، چاقچاق قېتىپ بەرمەيتتى. مەن قارى-سامىلا، ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالات-تىم. بىراق، قارىشىمغىلا ئۇ كۆزىنى ئېپقاچاتتى "ۋىللىدە" قىزىرىپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا گەپ قىلسام، قەستەن ئىشقا بۇيرىسام، ئۇ چۆچۈگەندەك، ھودۇققاندەك قىلىپ قالات-تى.

ئۆزۈمچۇ؟ مەن ئۇنى تولا خىيال قىلىدىغان، سېغىنىد-غان. ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم.

مەندىكى بۇ خىل ھېسسىيات كۈنسايىن كۈچىيىۋاتاتتى. ئولتۇرسام-قوپسام، ماڭسام-تۇرسام ئۇنىڭ جەزبى، لاتاپەتلىك ئوبرازى كۆز ئالدىمدا لەيلەپلا يۈرەتتى. يۈرىكىم گويا "گۈلئەنبەر-گۈلئەنبەر-گۈلئەنبەر" دەپ سوقۇۋاتقاندەك قىلاتتى.. كىشىلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، ناخشىلىرىدا كۈيلەيدىغان مۇھەببەت دېگەن مۇشۇمىدۇ؟ كېچىلىرى ئۇنى خىيال قىلىپ تولغىنىپ-تولغىنىپ ئۇخلىيالماسلىقىم "كۆيۈك" مىدۇ؟

ئاخىرى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىمغا ئىقرار بولدۇم. يۈرىكىمنىڭ ئۇنىڭ چۈرۈك-چۈرۈك تاتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا، بۇلاق سۈيىدەك ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىنى كۆرۈپ ھوزۇرلىنىشقا بولغان تەشنالىقى ئېشىۋاتاتتى. نىگاھلىرىم پەقەت ۋە پەقەت ئۇنىڭ كۈلسە پەيدا بولىدىغان قىپقىزىل مەڭزىدىكى زىنىقىدا ئويناشنىلا ئارزۇ قىلاتتى. قەلبىم قاپقارا شەھلا كۆزلىرىدە بىلىقتەك ئۈزۈشكە، گەز باغلاپ يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىم جىنەستىدەك قىزىرىپلا تۇرىدىغان نازۇك لەۋلىرىدە بەزمە تۈزۈشكە، شۇ لەۋلىرى ئارقىلىق قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن تاتلىق-تاتلىق مېھرىنى سۈزۈشكە تەييارلىنىپلا تۇراتتى. لېكىن كېچىلىرى قەددىنى تاغدەك رۇسلاپ، بولۇتلار باغرىنى بۆسۈۋېتىدىغان جۈرئەتلىرىم ئەتىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان غايەت زور لاۋا بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالاتتى-دە، سىمابتەك ئېرىپ كېتەتتى.

—— بىر كۈنى بىرسىنىڭ تويلۇق كېيىملىرىگە دەزمال سىلىۋا-

تاتتىم. ئۇنى سېغىنىش، ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپلا تۇرۇش ئادەت بو-
لۇپ قالغان يۈرىكىم ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنى زىكرى قىلىۋاتاتتى.
تۇيۇقسىزلا ئالدىمغا بىر پۈكلەنگەن قەغەز ”توك“قىلىپ چۈش-
تى. مەن ھەيران بولۇپ ئەتراپىمغا قارىدىم. ھەممە ئۇستىلار،
ھەممە شاگىرتلار ئۆز ئىشى بىلەن بولىۋاتاتتى. گۈلئەنبەرمۇ
پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن تۆشۈك تورلاپ ئولتۇراتتى. مەن ئۆزۈم-
نى دالدا قىلىپ تۇرۇپ قەغەزنى ئاچتىم. رەتلىك يېزىلغان
خەتلەر كۆزۈمگە چېلىقىشى بىلەن يۈرىكىم ”جىغغىدە“ كەتتى.
ئۇنى قاتلاپ يانچۇقۇمغا سالدىم-دە، ئىشىمنى داۋاملاشتۇرغاچ
گۈلئەنبەرگە قارىدىم. ئۇ يەنىلا ئۆز ئىشىغا بەنت ئىدى. ماڭا
قارىغۇدەكمۇ چولىسى يوقتەك تۇراتتى. ”بۇ نىمە خەتتۇ؟ كىم
يازغاندۇ؟. “بىر خىل ئىزتىراپ ئىچىدە تېپىرلاپ قالدىم.
نېمىگە تېپىرلايمەن؟ نېمىگە ئالدىرايمەن؟
بىر كۆڭلەككە دەزمال سېلىشقا خۇددى بىر كۈن كەتكەن-
دەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى، ئاخىرى دەزمالنى خىش ئۇستىگە
ئەپقويۇپ سىرتقا ماڭدىم. ئىشىك تۆۋىگە بارغاندا گۈلئەنبەرگە
قارىدىم. چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ يەر تېگىدىن ماڭا
”لاپپىدە“بىر قارىغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم-دە: ”بۇنى گۈل-
ئەنبەر يازغان ئوخشىمامدۇ؟“ دەپ ئويلىدىم.
شەرق ئۇپۇقىدىن ئۇزاپ كېتىۋاتقان قۇياش نۇرانە جىلۋىسى
بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى. نەمخۇش ھاۋا تەنگە روھ بېغىشلاشقا
تېرىشاتتى. ئۈزمەي سايراپ تۇرغان كاككۇكلارنىڭ مۇڭلۇق
سايراشلىرىدىن بىر خىل ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. كەنت

بېغىدىكى تورۇلغۇ، تومۇچۇق، سوپسوپىياڭلار. . . مېنى بەزمىسىگە چاقىراتتى.

مەن يانچۇقۇمدىكى خەتنى خۇددى ئىنتايىن قىممەتلىك بىر نەرسىنى ئېھتىيات بىلەن ساقلاۋاتقاندەك چىڭڭىدە تۇتىۋالغان ئىدىم. گويا ئۇنى بىرى كەينىمدىن ماراپ ئوقۇۋالىدىغاندەك، "كاپپىدە" تارتىۋالىدىغاندەك ھېس قىلىپ، بىر چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاشۇ باغقا —— قۇشلار بەزمىخانىسىغا قاراپ ئۇچقان ئىدىم.

بىر شورىدىن باغقا كىردىم-دە، ئەڭ تۆرگە بېرىپ بىر تۈپ ئالمىغا يۆلەندىم. ئەمدىلا قىزىرىشقا باشلىغان ئالمىلار ماڭا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇرىشاتتى. قۇشلارنىڭ، دەل-دەرەخلەرنىڭ، زېمىننىڭ، كۆك ۋە قۇياشنىڭ چېھرىدە ناز، تەبەسسۇم قېتىلىپ قالغان ئىدى.

مەن خەتنى ئېچىپ تەقەززالىق بىلەن ئوقۇدۇم:

"ئايبەگ، ھۆي قەلبىمنىڭ ئايى، يۈرىكىمنىڭ بېگى، سەن نېمىشقا چىرايلىق يارالغان؟ قىز كۆڭلىنى ئوۋلاشنى بىلىپ، ئۇتۇشنى بىلمەيدىغان ساراڭ! سەن بىلەن مۇڭداشقۇم بار، بىراق سېنى كۆرسەملا تىلىم تۇتۇلۇپ قالىدۇ. قارىچۇقۇڭغا مۇكۇۋالغۇم بار، بىراق قارىسامىلا يۈرىكىم جىغىلداپ، پۇت-قولۇمدا جان قالمايدۇ. سەن كۆيۈكنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇنىڭ تەمىنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسەن؟ خۇدايىم ساڭىمۇ بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى كۆيۈك ئوتى سالار، جاجاڭنى تاپارسەن شۇ چاغدا! . . . گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ. ئوچۇقىنى ئېيتسام مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم. مەن قىلتىڭكەتمەتما؟ سېنىڭ شۇ ئوتلۇق كۆزلىرىڭ مېنى مۇشۇنداق قىلىپ قويدى بىلسەڭ. سەن گۈلنىڭ بۇلبۇل ئىشقىدا ئۆرتىنىۋاتقانلىقىغا ئىشە-

ـنەمسەن؟"

ئۇنىڭ خېتى ئەنە شۇنداق يېزىلغان ئىدى. ئۇنىڭ خېتى مېنى ئالىمغا تېخىمۇ چىڭ يۆلەندۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئاددىيغىنا بۇ خېتى، ياق، مۇقەددەس سۆيگۈنامىسى مېنى ئاجايىپ شېرىن ھېسلار قاينىمىغا ئىتتىرىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ خېتى، ياق، پاساھەتلىك، بۈيۈك قامۇسىنى يۈرىكىمگە چىڭ باستىم، لېۋىمگە سۈرتتىم، ھىدلىدىم. .

پاتمان-پاتمان شاد يۈدۈپ، دەريا-دەريا بەختىيارلىق ھېسلىرىغا چۆمۈلۈپ دۇكانغا كىردىم. دۇكان تولىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەن ئىدى. بىراق گۈلئەنبەر كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ تۇرىدىغان-ئولتۇرىدىغان جايلىرىغا مۇھەببەت بىلەن نەزەر تاشلىدىم، ھىدلىدىم. ئۈمىد-ئىشەنچلىرىم، ئارزۇ-ئارمانلىرىم مەغرۇرانە كېرىلدى! سىرتقا چىقتىم، ئالەم تولىمۇ گۈزەل ئىدى. ئالەمدىن خىلمۇ خىل، گۈزەل، ئېزگۈ كۈيلەر ئوخچۇپ تۇراتتى. شۇنداق، قەيەردە ھاياتلىق بولسا، شۇ يەردە ھامان كۈي بولىدۇ. چۈنكى ھاياتلىقنىڭ ئۆزى ئۈزۈلمەس كۈي. ئۈزۈلمەس سىمفونىيە! .

ئۆيۈمدىن شەرقكە قاراپ ئازراقلا ماڭسام دەريا بويىغا كېلەتتىم. بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ دەريا بويىغا كەلدىم. ئەتراپ سىياھدەك قارايغان ئىدى. يۇلتۇزلارنىڭ كۆز بېقىشلىرى تولىمۇ يېقىملىق، تاتلىق ۋە جەلبكار ئىدى. مامۇقتەك يۇمشاق ۋە مەيىن كېچە شامىلى ئىچ-ئىچىمدىن قايناپ-تېشىپ چىقىۋاتقان ھاياجانلىرىم بىلەن گىرەلىشىپ، نېيىمنىڭ ھاياتبەخش كۈيلى-

رىنى كەنت باغرىدا تاماشا قىلدۇراتتى...

-- مەن نەقەدەر بەختلىك-ھە!!! -- نىدايىمنى دەريا يى-راق-يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى.

. ئەتىسى سەھەر دۇكانغا كەلدىم. كۈندە ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ دۇكاننى تازىلاپ، سۇ سېپىپ بولىدىغان گۈلئەنبەرنىڭ بۈگۈن قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ئۇنىڭ دۇكانغا سىڭىپ كەتكەن ئەنبەردەك ھىدلىق تىنىقلىرى دىمىقىمغا ئۇرۇلۇپ تۇ-راتتى. قولۇمغا ئىشىمنى ئالدىم. كۆزۈم، قۇلىقىم سىرتتا. . ئۇنى كۈتتۈم، كۈتتۈم، ئۇدا ئىككى كۈن زارىقىپ كۈتتۈم! . . . سېغىنىش ھېسسىياتلىرىم جۇش ئۇرۇپ ئۇنىڭ زىلۋا، لاتاپەتلىك گۈل قامىتىنى، كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندۈرەتتى. يۈ-رىكىمنىڭ تەلپۈنۈشلىرى ئۇنىڭ سۆيگۈ قامۇسىنى بۇيۇك ئىخلا-سى بىلەن زىكرى قىلاتتى.

قاچان ئىزدىسىڭىز كۆكتىن نېيىمنىڭ مۆڭلۈق ساداسىنى تاپالايتتىڭىز.

-- گۈلئەنبەر يوقاپ كەتتى-يا، بۇۋسۇلتان؟ -- دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ مەھەللىسىدىن كېلىدىغان شاگىرت قىز-دىن.

-- سېغىنىپ قالدىڭما؟

-- ماڭ-ماڭ، ئىشىڭنى قىلغىنا! گەپ قىلىپ بولغۇچە.

-- ھى. . . ھى. -- ئۇ خىرىلداپ كۈلدى، -- چاق-چاق قىلىپ قويسام ئەمدى. . . ئۇ ئاغرىپ قاپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى. چۈش بولا-بول-
مايلا سىرتقا چىقتىم-دە، ماگىزىنغا كەلدىم. بىر بولاق قەنت
ئۇچۇن ماگىزىنچى ئەيسا غوپۇرغا بىر تاغار يالۋۇردۇم، بوينۇم-
نى سوزۇپ يالۋۇرۇشلىرىم كۆپۈكتەك يوققا چىقىۋەردى. ئاخى-
رى خوتۇنىغا يالۋۇردۇم. ھەرنېمە بولسا ئۇ كارغا كەلدى. بىر
كۆڭلەك، بىر ئىشتىنىنى ھەقسىز تىكىپ بېرىدىغان بولۇپ،
ئۇنىڭ نازلىق بېقىشلىرىدىن ئەيمىنىپ بىر بولاق قەنتنى ئال-
دىم-دە، دەرھال ماڭدىم.

گۈلئەنبەر كاۋا بارىڭىنىڭ ئاستىدىكى سۇپۇدا ياتاتتى. مەن
چەكسىز ھاياجان ئىچىدە ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئەھۋال
سورىدىم:

-- خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭما گۈلئەنبەر؟

-- ھەئە، -- ئۇ مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ياتتى.

-- نېرىڭ ئاغرىيدۇ؟

-- بېشىم، پۇت-قولۇمدا جان يوق.

-- ئاستاغ... نەچچە كۈننىڭياقى ئاڭلىماپتىمەن، ئەتى-
گەن بۇۋىسۇلتاندىن سورىسام ئاغرىپ قاپتۇ، دەيدۇ.

-- مېنى سورىدىڭمۇ تېخى؟

-- سورىدىم شۇ، سورىمايچۇ.

-- ھەنىمە بولسا كۆزۈمدىن بىر يىتتى، دەپ خوش بولۇپ
قالغانسەن ھەقىچان.

-- ھەئە، خوش بولۇپ خوددى.. سەندىن باشقا سورايدى-
غان ئادەم بار ئوخشايدۇ ئەمىسە مېنىڭ، -- بۇ ئاخىرقى گەپنى

ئاغزىمدىن چىقىرىشىمغىلا يۈرىكىم دۈپۈلدەپ، ئەزايىمدىن تەر چىقىپ كەتتى.

-- بولسا باردۇ.

-- .

مەن تىلىمنىڭ ئۇچىغا كەپقالغان گېپىمنى يۇتىۋەتتىم. چۈنكى گۈلئەنبەرنىڭ ئانىسى داستىخان كۆتۈرۈپ قېشىمىزغا كەپقالغان ئىدى.

-- تۇگۈرۈپ يەمسەن يا چىلاپ يەمسەن؟ -- سورىدى ئايتۇراخاچام قېتىقنى ئالدىمغا قويۇپ.

-- چىلاپ يەي.

ئۇ يەنە بىر چىنە، بىر قوشۇق، چۆگۈندە سۇ ئېلىپ چىقتى. مەن چىنىگە تاۋاقتىن قېتىق بۆلۈپ قوشۇق بىلەن راسا قوچۇدۇم-دە، ئازراق سۇ قۇيۇپ ناننى ئۇشىشاق چىلىدىم..

-- قۇرۇقلا كەپقالدىم، ئاز بولسىمۇ.... -- مەن يانچۇقۇمدىن قەنتنى ئېلىپ داستىخاندا قويدۇم.

-- بەك كايىپ كېتىپسەن بالام، شۇنداقلا كېلىۋەرسەڭمۇ بولىتتى. ھەشقالىلا ئەمىسە، رەھمەت! -- ئايتۇراخاچام داستىخاننى ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

-- ئولتۇرساڭچۇ بىردەم، -- گۈلئەنبەر تەكىيدىن بېشىنى كۆتۈردى.

-- چىقاي، يەنە كېلەرمەن.... -- مەن ئۇنىڭ مەسۇم كۆزلىرىگە شۇڭغۇدۇم. يۈرىكىم پىلتىڭلاپ، ھۇجەيرىلىرىمگە بىر خىل تاتلىق سېزىم يوللىدى، -- پاتراق ساقايغىن، گۈل.

-- ئەمسە. . . -- ئۇ لېۋىنى بىر چىشلەپ قويۇپ -- كۈندە-كۈنىشى كەپتۇرغىن ئەمسە، -- دېدى.

-- كېلىمەن. چوقۇم كېلىمەن!

مەن ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈز ۋە قىرلىق بۇرنىدىكى مەرۋايىتتەك تەر پەردىلىرىنىڭ سۇزۇلۇك سەتھىدە ئۆز ئەكسىمنى كۆرۈپ غۇرۇرلاندىم. راھەتبەخش سۆزلىرىدىن، ئىلھامبەخش ئاھۇ كۆزلىرىدىن ئۇرغۇۋاتقان مېھرىدىن ۋۇجۇدۇم ئەللەيلىنىپ شۇنداق مەستخۇش بولدۇمكى.

ئايتۇراخاچام ئۆيدىن چىقىپ شىرىن سۆھبىتىمىزنى، چىر-مىشىپ كەتكەن ئوتلۇق نىگاھلىرىمىزنى چورتلا ئۈزىۋەتتى.

ئەتىسى، ئۆگۈنى ئۇنى يوقلاپ باراي دەپ قانچە-قانچە تەم-شەلدىم-يۇ، جۈرئەت قىلالمىدىم. گۈلئەنبەرچىلىك جۈرئىتىم-نىڭ يوقلىقىغا ئىچ-ئىچىمدىن ئۆكۈندۈم. ئۆز-ئۆزۈمنى ئەيىب-لىدىم. ئۈچىنچى كۈنى ئۇ دۇكانغا كەلدى. ئۇ كىرىشى بىلەن تەڭ گىرىمسەن دۇكان ”ۋاللىدە“يورۇپ كەتكەندەك بولدى. دۇكانغا ئادەمسىياق پەرى ئەمەس، نۇرلۇق قۇياش كىرىپ كەل-گەن ئىدى. شۇنداق، ئۇ -- قۇياش ئىدى. مەن ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىنىڭ نۇرلۇق ماھى بولسام، ئۇ يۈرىكىمنىڭ چوغدەك ئۇپىقىغا لەۋ يېقىپ، دىلىستانىمنى يورۇتقۇچى پاتماس قۇياش ئىدى!

كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. مەن ئۇنىڭ مېھرىلىك كۆزلىرىگە نۇر تالالىرىدەك يېپىلىپ كەتتىم. . .

بىز تولاراق دەريا بويىدا مۇڭدىشاتتۇق. ئۇ بىزنىڭ خىيال-

لىرىمىزنى، ئوتلۇق نەپەسلىرىمىزنى، ۋەدە-قەسەمىياد-لىرىمىزنى، گۈزەل كېلىچەككە، بەختىيار تۇرمۇشقا، ئازادە-ئەركىن ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشلىرىمىزنى چېكەتكىلەرنىڭ، قۇشلارنىڭ، ھايۋاناتلارنىڭ. . . ناخشىلىرىغا ئېلىشتۇرۇپ، نې-يىمىنىڭ ئېزگۈ كۆيلىرىنى يېپىنىپ زەرەپشان ۋادىسىغا، تېخى-مۇ يىراققا، يىراق-يىراقلارغا ئېلىپ كېتەتتى. بىز ئەنە شۇنداق شېرىن تۇيغۇلارغا تۇتقۇن بولۇپ قىشنىڭ قانداق كىرىپ قالغاندى-لىقىنى سەزمەي قېلىشقان ئىدۇق.

## 4

— خىيالىمنى ئىشخانامنىڭ ئالدىدىلا توختىغان جىپنىڭ گۈ-رۈلدىشى-سىگنالى قايپەلدىن ئۈزۈۋەتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ دې-رىزىدىن سىرتقا قارىدىم. جىپتىن يېزا رەھبەرلىرى، كاس-پىسىر-بوغالتىرلار چۈشتى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ تېنىچ-لىق-ئامانلىق سورىدىم. ئاندىن ئىشخانىغا باشلاپ چاي قۇيدۇم، يەل-يېمىش قويدۇم. .

— ئەمدى مۇنداق ئىش، ئايىمگجان. — دەپ گېپىنى باشلىدى يېزا باشلىقى قادىر چايدىن كېيىن. — خاگنى قايتۇ-رىۋالدىغان بولۇپ قالدۇق. .

— نېمە؟ ! — مەن ئۆز قولىقىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم.

— شۇنداق، ئايىپگاخۇن، — دېدى پارتكوم شۇجىلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئەيسا خوپۇرئىشەنچ بىلەن. — خاگنى

ئۆزىمىز باشقۇرىدىغان بولۇپ قالدۇق.

-- توختام. . .

ئەيسا غۇپۇر گېپىمنى بۆلدى:

-- توختام بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئەمەلدىن قالدى. بىز ئىككى يىلغىچە كۈتۈپ تۇرالمايمىز.

-- كىم شۇنداق دەيدۇ توختام ئەمەلدىن قالدى دەپ؟

-- ناھىيە، زاھىر شەنجاڭ شۇنداق دېدى.

ئۇرۇمچىدىن "تېخنىك شەنجاڭ" ئۇنۋانى بىلەن يېڭىدىن كەلگەن ياشقىنا بۇ بالىچاق شەنجاڭ تېخى ئىككى ئاي بۇرۇن مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەن، مېنى ماختىغان ۋە ماڭا مەدەت ئىلھام بەرگەن ئىدىغۇ؟ كان-كارخانا ئىشلىرىغا مەسئۇل بۇ خۇش پېئىل شەنجاڭ ماڭا تېخى ئۇرۇمچىدىن بەزى كېرەكلىك ئۇسكۈنىلەرنى ھەل قىلىپ بەرمەكچى بولغانىغۇ؟ ئەجەبا بۈگۈن. ياق، بۇ مۇشۇلارنىڭ ئىشى. مەن ئۆتكەندە ئۇرۇمچىگە كەتكەندە بوغالتىرىمدىن بىكارغا ھېساب كۆرمەپتىكەن-دە؟ تېپىپ كەتكەن پايدىلىرىمغا چىدىمايۋاتقان گەپ!.

ئۇلارنىڭ ئەلپازى يامان بولۇپ، ھەيۋە بىلەن جۇۋا تاراقشىتىۋاتاتتى. شۇڭا مەنمۇ:

-- زاھىر شەنجاڭنىڭ توختامنامىنى بۇزۇش ھوقۇقى يوق! -- دېدىم قەددىمنى رۇسلاپ، -- توختامنامە بىر كىمنىڭ شەخسىي مۈلكى ئەمەس!

-- ئۇنى ھۆكۈمەت ئۆزى تۈزگەن، ئۆزى بۇزالايدۇ.

-- ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. مەن قانۇنغا خىلاپ ئىش

قىلمىدىم. پۇلنى جىق تېپىپ كەتكەن بولسام، تاپقان پۇلغا تۇشلۇق باج ۋە باشقا ھەرخىل راسخود-پاسخودلارنى ۋاقتى-قەرە-لىدە تولۇق تۆلەپ ماڭدىم. ھەمدە رەسمىيەتلىرىم تولۇق، يۇرت-كىمىنىڭ دۇكى يوق مېنىڭ!

-- ھىم، تولۇقمىش تېخى! -- ئەيسا غوپۇر دېمىقىنى قاقتى، -- سىز كىرىمنى يوشۇرۇپ قانۇنسىز باج ئوغۇرلىدى-ڭىز، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، دەپقالماڭ!

-- باج ئىدارىسىغا مەلۇم قىلىڭلار، تەكشۈرسۇن.

-- تەكشۈرىدۇ تېخى، ئالدىرىماي تۇرۇڭ.

-- يەنىچۇ؟

-- قانۇنسىز كان ئېچىپ، ھۆكۈمەت بايلىقىنى قاقتى-سوقتى قىلدىڭىز. بۇ ھەقتە ھۆكۈمەتكە جاۋاپ بېرىسىز تېخى!

مەن ئىشكاپىمدىن كان ئېچىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنا-مەمنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويدۇم. لېكىن ئۇلار قايىل بولمىدى. بىرمۇنچە باھانە-سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش-تى. بولۇپمۇ ئەيسا غوپۇرنىڭ ماڭا تۇتقان مۇئامىلىسى بەكمۇ قاتتىق بولدى. ئۇنىڭ زەھەردەك سۆزلىرىگە ناھايىتى تەستە چىدىدىم. دېمەك، ئۇ مەندىن ئۆچ ئالماقچى بولىۋاتاتتى. ئەمما مەن ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھكار ئەمەسمەن. ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمە-گۈدەك ھېچقانداق ئىش قىلغىنىم يوق. بۇنداق پرىنسىپال چوڭ مەسىلىلەردە توقۇناق داۋلىلارنى قويۇپ، يولسىزلىق بىلەن ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنسا، مەن قاراپ تۇرالمايمەن، يول قويالمايمەن!

-- بىر ئادەمنىڭ بېشىغا چىقتىڭىز، بۇنىمۇ ئۇنتۇپ قال-

ماڭ!

مەن كولۇپ قويدۇم. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدە مېنىڭ قىلچە مەسئۇلىيىتىم يوق ئىدى. ئۇ ئىشلىتىش مەنئى قىلىنغان بىر خاڭنىڭ ئاستىغا بىر ئىشچى بىلەن ھارۋا چاقى ئەچىقىمىز، دەپ چۈشۈپ، گازدىن زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. چاقنى ئىككىسى سېتىپ خەجلىمەكچى بولۇشقان. بۇنىڭغا ھېلىقى ئىشچى گۇۋاھقۇ؟ شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭغا دەپمەن پۇلى بەردىم. بىر كىچىك قىزىغا ئېيىغا 30 كويدىن نەپىقە پۇلى بېرىۋاتىمەن.

بىز ئۇزاق زوكۇنلىشىپ كەتتۇق. ئۇلار مەجبۇرىي توك توختاتتى، لامپوچكىلار ئۆچتى. بۇنداق كېتىۋەرسە ئىش ئوبدان بولمايتتى. شۇڭلاپارلىق ئىشچىلارغا ئىش توختىتىشقا بۇيرۇق قىلدىم. ئىش توختىدى، ئىشخانا-ئامبارلار پېچەتلەندى. خاڭنى ئۆتكۈزىۋېلىپ بولغۇچە مال-مۈلۈكلەرنى ئۆيگە توشۇۋالىدۇ، دەپ ئەنسىرەپ، خاڭغا ساقچى قويۇپ قويۇشتى.

خەلق سوتىغا 1200 يۈەن تۆلەپ ئەرز قىلدىم. خەلق سوتىمۇ خاڭنى يېزىغا بۇيرىدى. يېزا ماڭا پەقەت 8 مىڭ كوي مەبلەغ ھەققى تۆلەپ بېرىدىغان بولدى. مەن بۇنىڭغا قايىل بولمىدىم. قانداقمۇ قايىل بولغىلى بولىدۇ بۇنىڭغا؟ شۇڭا مەن "تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول"دەپ ئوتتۇرا سوتقا ئەرز قىلدىم. مەن ئالىي سوتقا، ھەتتا مەركەزگىچە بېرىپ ئەرز قىلىش قارارىغا كەلگەن ئىدىم.

ناھىيە بۇ ئىشقا ئارىلىشىۋالغاچقا، ئىشلار بەكمۇ مۇرەككەپ-

لىشىپ كەتتى. ئاخىرى ئوچۇق سوتقا چۈشمەكچى بولۇشتۇق.
بىر كۈنى ئۆيگە قانۇن كەسپىنى پۈتتۈرۈپ سوتتا ئىشلەۋات-قان مۇبارەك كىرىپ كەلدى.
-- كېلىڭ، مۇبارەك خانىم، -- مەن كىرىشلوغا تەكلىپ قىلدىم، چاي قۇيدۇم
-- داۋا ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپتىم، -- دېدى ئۇ، -- شۇنداق يولسىزلىق قىلسا بولامدۇ. شۇ توغرىلىقتىمۇ زەردەم قايناپ قالدى، -- ئۇ چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ، -- سىلىگە ياردەم قىلالايمىكىن، دەيمەن، -- دەپ ماڭا تىكىلدى.
-- رەھمەت! -- مەنمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن قارىدىم.
-- ئوچۇق سوتقا چۈشمەكچى بولۇپلا-ھە؟
-- ھەئە.
-- كىم ئادۋوكاتلىق قىلىدىغان بولدى؟
-- تاللاۋاتىمەن تېخى.
-- مېنى تاللامىلا-يا؟
-- سىزنى؟ . - مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك باش-ئايىغىغا بىر قۇر سىنچىلاپ قاراپ چىقتىم. ئۇ بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. شەھلا كۆزى ئادەمنى مەھلىيا قىلىپ تۇراتتى. ۋۇجۇدىدىن بىر خىل ئەقىل-پاراسەت، چېچەنلىك يېغىپ تۇرات-تى. مەندە ئىشەنچ تۇغۇلۇشقا باشلىدى.
-- بۇرۇنمۇ ئادۋوكاتلىق قىلىپ باققانمۇ؟
-- يەركەندە ئىشلەۋاتقان چېغىمدا بىر قېتىم قىلىپ باق-قان.

-- ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟
-- سىلە ئىشەنسىلىلا.
مەن بىرنەچچە كۈن ئويلاندىم ۋە ئاخىرى "مەيلى، مەغلۇپ بولسام بولارمەن، مۇشۇ قىز بىر ئادۋوكاتلىق قىلىپ باقمىسۇن-مۇ؟" دېگەن قارارغا كەلدىم. موبارەك يەنە كەلدى. ئۇ ئىشىك-تىن كىرىپلا:
-- قانداق؟ -- دەپ سورى.
-- بولىدۇ. بۇ ئىشنى سىزگە تاپشۇردۇم ئەمىسە، -- دەۋەتتىم.
-- ياردىمىمنى قوبۇل قىلغانلىقلىرىغا رەھمەت! -- ئۇ-نىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى.
-- ئۈمىدۋار، تەمكىن بولۇڭ-ھە، -- دېدىم ئۇنىڭغا ئەس-كەرتىپ، -- ئۇتۇپ چىقىڭ-چىقماڭ، سىزنى ئوبدان رازى قىلى-مەن.
-- سىلە مېنى پۇل ئۈچۈن ئادۋوكاتلىق قىلماقچى بولىۋاتى-دۇ، دەپ قالغان ئوخشىمامىلا؟
-- ياقەي، -- مەن گەدىنىمنى قاشلىدىم-دە، كۆڭلۈمدىكى ئويۇمنى دەۋەتتىم، -سىز نېمە ئۈچۈن ئادۋوكاتلىق قىلماقچى بولىۋاتىسىز؟ -- دەپ سورىدىم.
-- ئەلبەتتە ھەققانىيەت ئۈچۈن! يەنە... -- ئۇ "يەنە" نىڭ كەينىدىكى گەپنى يۇتىۋەتتى.
ئۇ مەندىن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى سوراپ خاتىرلىۋالدى. ئاندىن: -- سىلى خاڭنى ئېلىپلا بىرمۇنچە مەبلەغ ساپلا. پۇلنى

نەدىن تاپلا؟ — دەپ سورىدى.

— سوراپ ئوبدان قىلدىڭىز، — دېدىم مەن، — مەن 1967-يىلى ئانامدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم. ئەمدى مېنىڭ بۇ يۇرت-تا تارتىشقۇدەك ھېچنېمەم قالمىغان ئىدى. شۇڭا بىر كېچىدىلا يۇرتتىن قاڭقىپ چىقىپ كەتتىم-دە، مۇساپىرلىق يولىغا قەدەم باستىم. ئوغرىلىق قىلمىدىم. قىمار ئوينىمىدىم، ئادەم بۇلىمى-دىم، پەقەت ھالال كۈچۈمگە تايىنىپ جان باقتىم. بىر چاغلاردا ھاياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس شاماللىرى مېنى ئۇرۇمچىگە ئۇچۇ-رۇپ ئەكىلىپ بىر ئاق كۆڭۈل ئادەم بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوي-دى. مەن سەيپۇڭ بولغاچقا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئۇن نەچچە كۈن ھۈنەر قىلدىم. ئۇ ئادەم يول مېڭىپ يۈرۈپ مېنى بىر سەيپۇڭخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىرىم ئادەمدەك ئۆتۈشكە باشلىدى. يېتىپ-قوپۇشۇم، تامىقىم شەپقەت-چىمىنىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي شەپقەتچىمىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدىم. ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتتۇق. ھەش-پەش دېگۈچە بىر قىزغا دادا بولۇپ قالدىم. ئەزەلدىن پېشانەم تەتۈر بەندىكەنمەن. ئايالىم ئىككىنچى تۇغۇتىدا قازا قىلىپ كەتتى. قېينئاتام: ”بالىنى بىز بېقىپ بېرىلى، قايتا ئۆيلە-نىڭ“ دەپ نەسىھەت قىلدى. مەن ئۇنىمىدىم، قىزىمغا چىد-دىمىدىم. ئۇنىڭغا قەۋەتلا ئامراق ئىدىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشاش — ماڭا ئۆلۈم بىلەن تەڭدەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىلىق بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. ئەمدى تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن قىزىم ئۈچۈن ياشىشىم كېرەك ئىدى. شۇڭا تېخىمۇ

تىرىشىپ، باش كۆتۈرمەي ھۈنىرىمنى قىلىۋەردىم...

بىردىنلا يۇرتۇمنى سېغىنىپ قالدىم. "يۇرتۇمنى بىر كۆ-رۈپ كېلەيچۇ" دەپ ئويلاپ 1980-يىلى 10 ياشلىق قىزىمنى، تاپقان-تەرگەن تۆت-بەش تەڭگە پۇلۇمنى ئېلىپ يۇرتقا كەلدىم. ئانا يۇرت دېگەن ئاجايىپ مېھرىلىك بولىدىكەن. يۇرت قوينىغا كىرىپلا تېرەم كېڭىيىپ، ئۆزۈمنى ئازادە، يورەكلىك، روھلۇق ھېس قىلىپ قالدىم. يۇرتنىڭ كەھرىۋادەك سۈزۈك سۈيىدىن ئوچۇملاپ ئىچىشتۇق، يالىڭاچلىنىپ بېلىقتەك ئۈزۈشتۇق. قىز-ىمنىڭ كۆڭلى قەۋەتلا ئېچىلىپ كەتتى.

قۇياش ئۇپۇققا باش قويۇۋاتقاندا، بىز كەنت قوينىغا كىرىپ كەلدۇق. بېشىمدا شلەپە، بوينۇمدا گالستۇك، زىغىررەڭ سارجا كاستۇم-بۇرۇلكام ماڭا سۆلەت بېغىشلىغان. كېينكىتەك قىيغىتىپ سەكرىگۈم، ۋارقىرىغۇم، ناخشا ئېيتقۇم، سومكام-دىن قەدىناس نېيىمنى ئېلىپ مۇھەببەت بىلەن چالغۇم كېلىپ تۇراتتى. ياشلار، باللار ماڭا قىزىقسىنىپ قاراپ قېلىشقانىدى. چوڭلار ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. گويا ئۇزۇن يىل كۆرۈش-مىگەن ئانا-باللاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. كۆز ياشلىرىم ئاپتاپتا قارايغان، توپا باسقان يۈزلەرنى، قاداق باسقان قوللارنى يالاپ ئۆتەتتى.

مېنى ئۆيگە باشلىمىغان، قوندۇرمىغان ئادەم قالمىدى..

ئۆيۇمنىڭ ئورنىدا بۇغداي دېڭىزى كۆۋەجەپ تۇراتتى. قەلبىمدە چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان يۇرت مېھرى ئۇرۇمچىگە

قايتىپ كېتىش نىيىتىمنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھۈنىرىمنى قىلغاچ ئۆي سالدىم، باغ-ۋاران قىلدىم، ئۆ-لاغ-ئۇلماق باقتىم. خوتۇن ئالدىم. ئۇنىڭغا خېلى ئامراق چىد-قىپ قالدىم. لېكىن قىزىمنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرىمىدى. قۇ-لىقىنى يىرتىۋەتكەندىمۇ، بۇرنىنى قانىتىپ قويغاندىمۇ چىدىدىم، ئۇنى تىللىمىدىم، ئۇرمىدىم. پەقەت بىر چىشىنى تۆكۈۋەتكەندىلا سەبرى قاچام تولۇپ تاشتى-دە، ئۇچ تالاق قىلىپ قوغلاپ چىقار-دىم.

بىر كۈنى خاتىرەمنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئاجرىشىشتىن بۇرۇن ماڭا يازغان بىر پارچە خېتى چىقىپ قالدى. خەت ناھايى-تى قىسقا بولۇپ "ئايەگ، پۇللىرى دادامنى مەھلىيا قىلىۋېلىپ، مېنى سىلىگە تېڭىشكە قىستاپ ئۇرۇشقان. مۇھەببىتىم ۋىسال تېپىش ئۈچۈن مېنى قىزلىرىنى ئۇرۇپ، سىلىنى بىزار قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. مېنى كەچۈرگەيلا. سۆيۈمنۈرنى دوستانە مېھرىم بىلەن سۆيۈپ: رىسالەت" دېگەنلەردىن ئىبارەتلا ئىدى.

خەتنى ئوقۇپ ئىچ-ئىچىمدىن ئازابلاندىم. قەلبىمنى يىغىدى-دىن توختىتالماي تۇرۇپ، ئۆزگە قەلبلەرنى يىغلاتقىنىمغا، ئۆ-زۈم بەختسىز تۇرۇپ، ئۆزگىلەرنى بەختسىز قىلغانلىقىمغا قاتـ-تىق ئۆكۈندۈم. شۇڭا، مەڭگۈ ئۆيلەنمەسلىك قارارىغا كەلدىم-دە، ھۈنىرىمنى قىلىۋەردىم. ھەرخىل پاسۇندىكى كىيىملەرنى تىكىپ تاغ-تۈزلەرگە ئاپىرىپ ساتتىم. تېرىگە تېگىشتىم ۋە شۇ جەرياندا تېرىچىلىك قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم. تاغدىن يىغقان تېرىلەرنى شەھەرگە ئاپىرىپ 20-30 كويدىن ساتتىم. كېيىنچە

ھۇنەرنى تاشلاپ تېرىچىلىك قىلدىم. ئۇرۇك بۇسلاپ ساتتىم، خۇمدان ماڭدۇردۇم. 8 يىل مانا شۇنداق ئىشلىدىم. خاڭنى ھۆددە ئالغان چېغىمدا 75 مىڭ كوي پۇلۇم بار ئىدى..

مۇبارەك سۆزۈمنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. بەزى نەرسىلەرنى خاتىرىلىۋالدى. ئاندىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ئەھۋال ئىگەللىمەكچى بولۇپ چىقىپ كەتتى.

## 5

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە، مۇبارەك كىرىپ كەلدى.

-- قانداق، ئۈمىد بارمۇ؟ -- دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرىمنى تىكىپ. ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇق ئىدى.

-- ئۈمىدقۇ بار، -- دېدى ئۇ، -- بىر ئىشنى سورىسام خاپا بولامسىز؟

-- سوراۋېرىڭ، مەن ئوچۇق سۆزلۈك كىشىلەرنى ياخشى كۆرىمەن.

-- خەقلەر سىلىنى "ئەيسا شۇجىنىڭ خوتۇنى بىلەن ئىشى بار"دەيدۇ. راست شۇنداقمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم "قارتتىدە" قىلىپ قالدى. كۆڭلۈم غەشكە تولۇپ، ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئۇ مەندىن جاۋاب كۈتۈپ تۇراتتى. مەن بىردەم جىم بولۇپ قېلىپ، ئاندىن:

-- بۇنىڭ بۇ ئىش بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ -- دەپ سورىدىم.

-- ئالاقىسىغۇ يوق، -- دېدى ئۇ تەمكىن ئولتۇرۇپ، -- راستىلا شۇنداق ئادەم بولسىلا باشقا ئادۋوكات تېپىۋالسىلا، مەن پەسكەش ئادەملەرنى ئاقلاشنى خالىمايمەن! . . . ، -- ئۇنىڭ قەھرلىك كۆزى ماڭا مىختەك قادالغانىدى.

مەن تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇردۇم. بۇرنۇمدىن چەمبەرسىمان يۆگىشىپ چىققان ئاچچىق تۇتۇنلەر بېشىم ئۇستىدە قويۇق تۇمان ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئېرەڭسىزلىك بىلەن لەيلەپ تۇراتتى، مەن گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتىم. بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتىم. ئەگەر ئۇ ئادۋوكاتلىقتىن راستتىنلا ۋاز كەچسە ئىشىم سۇغا چىلىشاتتى. چۈنكى ئوچۇق سوت ئۆگۈنلۈككە باشلىناتتى. يەنە بىر ئادۋوكات تېپىشقا ئۈلگۈرمەيتتى. ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمەي بولمايدىغانلىقى ئېنىق.

-- بۇ، ھازىرقى ئىشلار ئەمەس، بۇرۇنقى، خېلى بۇرۇنقى ئىشلار، -- دېدىم مەن ئۇنى ئادۋوكاتلىققا تەكلىپ قىلغانلىقىمغا بىر قورساق پۇشايمان قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى رۇسلاپ، -- بۇنى راستتىنلا بىلگۈڭىز بارمۇ؟

-- ئەلبەتتە.

مەن ئۆچۈپ قالغان تاماكامنى قايتا تۇتاشتۇردۇم-دە، قاتتىق بىر شورىۋېلىپ:

-- مەن چىرايلىقمۇ؟ -- دەپ سورىدىم. ئۇ كۇتۇلمىگەن بۇ سوئالدىن ئۇ ھەيران بولدى ۋە ”پىسسىڭىدە“ كۇلۇپ سالدى.

-- قەۋەتلا!

-- شۇنداق، مەن ئۇ چاغلاردا بەك چىرايلىق ئىدىم.
-- ئۇچاغ دېگەن قاچان؟
-- 1965-يىللار. قارامۇتۇق يۇزۇم يۇپيۇمىلاق بولۇپ، مەڭزىم قىزىرىپلا تۇراتتى سىزنىڭ لېۋىڭىزدەك.
ئۇ، بۇ قېتىم تاتلىققىنە كۈلۈپ قويدى. مەن چاقچاق ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى سۈرۈپ چىقارماقچى بولىۋاتاتتىم. چىرايى ئېچىلىپ كەتكەن مۇبارەك ئورنىدىن تۇردى-دە، چايداندىن ماڭا ۋە ئۆزىگە چاي قۇيۇپ ئاندىن ئۇدۇلۇمدىكى سافادا ئازادە ئولتۇرى. بۇ، مېنىڭ تەپسىلىي سۆزلىشىم ئۈچۈن بېرىلگەن بېشارەت ئىدى.
-- دېسىلە ئەمدى، -- ئۇ ماڭا تىكىلىپ قارىدى. مەن سۆزۈمنى باشلىدىم:
-- بارماقتەك يوغان، بولۇق، قاپقارا قاشلىرىم، ئۇزۇن، ناھايىتىمۇ ئۇزۇن كىرپىكلىرىم ھېمايىسىدىكى ئويچان كۆزلىرىم شۇنداق قارا، بولاق سۈيىدەك شۇنداق تىنىق ئىدى. قاراپ بېقىڭا، ھازىرمۇ شۇنداقمۇ؟
ئۇ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنداق يېقىملىق، مەپتۇنكار ئىدى.
-- ھازىرقىغا يەتمەيدىكەن، -- دېدى ئۇ كۈلكىدىن توختاپ.
-- پاكارمۇ ئەمەس، ئېگىزمۇ ئەمەس بويۇم ئېلىپتەك تۈز، ئەزايىم نۇقسانسىز ئىدى. ئەمما، ھازىر مېنى ۋىجدان ئازابىدا قىيناپ كېلىۋاتقان مۇنداق بىر نۇقسانىم بار -- مەن

ھېچنەرسىنى يوشۇرماسلىق قارارىغا كەلگەنىدىم. شۇڭا پايپىد-
قىمنى سېلىپ پۇتۇمنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. ئوڭ پۇتۇمنىڭ
باش بارمىقى تىرناقنىڭ قېشىدىكى بوغۇمىدىنلا يوق بولۇپ،
ئۇنىڭغا ھەربىر قارىسام تېنىم شۈركىنىپ، سىرقىراپ كېتەتى-
تى ئۇ بىر ماڭا، بىر بارمىقىمغا قارايتتى. چېھرىنى بىر خىل
ئېچىنىش، ھەيرانلىق قاپلىۋالغانىدى. مەن گۈلئەنبەر ئىككى-
مىزنىڭ بىر-بىرىمىزنى قانداق ياخشى كۆرۈشۈپ قالغانلىقىمىز-
نى، سۆيگۈ-مۇھەببىتىمىزنى قانداق ئىزھار قىلىشقانلىقىمىزنى.
سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، چايدىن بىر ئوتلىۋالدىم-دە،
گېپىمنى داۋام قىلدىم.

## 6

ئايتۇراخاچام ئاغرىپ قالغاچقا، گۈلئەنبەرنىڭ دۇكانغا كەل-
مىگىنىگە ئون كۈنچە بولغانىدى. ئايتۇراخاچامنى يوقلاپ بىر
قېتىم بارغان ئىدىم. ئەمدى بېرىۋەرگىلى بولمايتتى. گۈلئەن-
بەرنىڭ ئەلەم يوشۇرۇنغان كۆزلىرى ئۇ كۈنى يۈرىكىمنى ئېزى-
ۋەتكەن ئىدى. شۇندىن بىرى كۆڭلۈم سۇنۇق، روھىم ئېزىلەڭ-
گۈ ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىشسىز كۈن ئۆتكۈزۈش نەقەدەر
قىيىن-ھە؟
بىر كۈنى ئۆيگە بۇرۇنلا كەلدىم-دە، خەت يېزىشقا باشلى-
دىم. لېكىن يازغان خېتىم ئۆزۈمگە يارىمىدى. بەتلەر پۇرلى-
نىپ تاشلىنىۋەردى. ئاخىرى ئۆزۈمگە خېلى قاملاشقاندەك تۇ-

يۇلغان بىر كوبلىت بېيىتنى ئاق قەغەزگە چىرايلىق قىلىپ كۆچۈردۈم:

كۆزۈڭگە باقسالىلا قىزىپ كېتىمەن،
ئۆزۈمنى بەختلىك سېزىپ كېتىمەن.
ئەي گۈلۈم، بېغىڭدا نەي چالاي، چىققىن،
چىقمىساڭ ئەقلىمدىن ئېزىپ كېتىمەن.

مەن خەتنى بۇۋىسۇلتاندىن كىرگۈزۈپ بەردىم.

زېمىن ئاپئاق قارغا مەھكەم چۈمكەلگەن، قارغا مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغان تولۇنئاي زەر لىباس ياپقان. شايى تون، زەرلىباس قوينىدىكى ياۋاش زېمىن پىراق پۇرىغاچ غەمسىز ئۇخ-لايتتى. تاپىنىم ئاستىدا يەنچىلىۋاتقان قار "غاچ-غاچ"قىلىپ جىمىرلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا يېقىملىق كۈي ئاتاتتى. نېيىمنىڭ ئىلھامبەخش ساداسى كېچە ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ مۇزلاپ كەتكەن ساپ ھاۋانى ئەللەيلەيتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سوغۇقتىن ئەمەس، ئاجايىپ كۈچلۈك ئىزتىراپ، تەلپۈنۈش، زارىقىش ئىلكىدە سىلكىنەتتى. مەن قېرى ئۆرۈكنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ نېيىمنى ناھايىتىمۇ پەس چالاتتىم. ئۇنىڭ يىراقلاردىن لەيلەپ-لەيلەپ كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىدىغان مۇڭلۇق ئۇنلىرى كىشىگە بىر خىل سېھىرلىك تۇيغۇ بېرەتتى. نېيىمنىڭ بۇ خىل لىرىك كۈيلىرى چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇرغان پەنجىرىنى چېكەلىدىمىكىن؟.

بىر چاغدا "غا. . . ر. . . ت"قىلغان شەپە قۇلىقىمغا كىر-دى. مەن سەگەكلەشتىم. بىرسى يۆتەلدى. بۇ — گۈلئەنبەر

ئىدى.

–– ئايبەگ...؟

–– ھە، مانا مەن، –– مەن ئۆزۈكنىڭ دالدىسىدىن چىقىپ، ئىتتىك ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم، –– نېمانداق چىقمايسەن؟

–– چىقتىمغۇ مانا، مەنمۇ ئالدىرىدىم.

بىز بىردەم جىم بولۇپ قېلىشتۇق. ئۇ مەن يۆلەنگەن ئۆزۈكنىڭ يەنە بىر ئاچىمىقىغا يۆلەندى.

–– گۈل، مېنى سېغىندىڭمۇ؟

–– سەنچۇ؟ –– ئۇ ماڭا قارىمايلا سورىدى.

–– سېغىنىپ ئۆلەيلا دېدىم.

–– ئەمىسە نېمىشقا كەلمەيسەن؟

–– نەگە؟

–– بىزنىڭ ئۆيگە! نەگىدى؟

–– كېلىشۈەرگىلى بولمايدىكەن، ئاتا-ئاناڭ نېمە دەپ قالىدۇ؟ ئۆيۈڭگە كىرمىگىنىم بىلەن، ھەركۈنى ئاخشام مەھەللەڭگە بارىمەن. نېمىمنىڭ ئۇننى ئاڭلىمىدىڭمۇ بىرەر قېتىم؟

––.

ئۇ ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرى ئايغا تىكىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزۈمگە قاراتتىم.

–– بىز توي قىلايلى، ئومىقىم. ئۆزىمىزنى-ئۆزىمىز قىيناپ نېمە قىلىمىز؟ نېمىگە تارتىشىمىز؟ ماقۇلمۇ، جېنىم؟ مۇشۇ پات ئارىدا توي قىلايلى!.

. --
مېنى خالىمامسەن -- يا؟ . نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟
-- مەن خۇرسىنىپ قويدۇم. ئۇ يەنە جاۋاب بەرمىدى. لېكىن ئۆزىنى قۇچىقىمغا ئىختىيارسىز تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە تېڭىرقاپ قالدىم.
-- گۇل، نېمە بولدى ساڭا؟ نې. . . نېمىشقا يىغلايسەن؟
-- مېنىڭمۇ ئاۋازىم بوغۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ قايناق ياشلىرىنى مۇزدەك ئالقانلىرىم بىلەن سۈرتتۇم. قاپقارا چاچلىرىنى، يۇمشاق، سىپسىلىق يۈزلىرىنى، مەرمەردەك بويۇنلىرىنى سىيلىدىم. ئاندىن باغرىمغا چىڭ باستىم. ۋوجۇدۇم سىمابتەك ئېرىپلا كەتتى. بىر خىل سېھىرلىك تۇيغۇ يۈرىكىمنى، بارلىق ھۇجەيرىلىرىمنى غىدىقلاپ ئۆتتى. تومۇرلىرىمغا باھاردەك ئىللىق تۇيغۇ، بالدەك تاتلىق سېزىم. ماگىمىدەك قايناق ھارارەت يامراپ كىردى. بارماقلىرىم ئۇنىڭ يۈز-كۆز، قاش-كىرپىكلىرىدە سايىەت قىلاتتى. چاڭقاق لېۋىم ئۇنىڭ ياقۇتتەك قىزىق لەۋلىرىدە بەزمە تۈزۈشكە كىرىشۋاتاتتى.
-- گۇل، ھوي گۇل، قىنى سەن؟ !
دەل شۇ چاغدا ئۇنى دادىسى چاقىرىپ قالدى. ئۇ باغرىمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.
-- مانا مەن! -- گۇلئەنبەر ئۇنلۇك توۋلىدى، -- قويلارغا بېدە سېلىۋاتىمەن! -- ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئاستا شىۋىرلىدى، -- خوش، ئەتە كۆرىشەيلى.
ئۇ، قوي قوتانلىرى تەرەپكە كەتتى. مەن لېۋىمنى ھەسرەت

بىلەن يالىدىم. نېمىشقا ئۇنىڭ راھەت، مېھىر جۇغلاشقان ياقۇت لېۋىگە چىڭدايپقىنە بىرنى سۆيۈۋالمىدىم؟ ئاھ، ئۇنىڭ قۇچىقى نېمىدېگەن ھارارەتلىك ـ ھە!.

ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى، ئىپاردەك خۇش ھىدلىرى سىڭىپ كەتكەن ئالقانلىرىمنى بىر ھازا پۇرىدىم، يۈزلىرىمگە، لەۋلىرىمگە سۈرتتۇم. "ئۇ. ئۇ نېمىشقا ئۆزىنى باغرىمغا تاشلاپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ كېتىدۇ؟ يىغلىغاندىمۇ بىر خىل ئەلەم پىغان بىلەن يىغلايدۇ؟. "مەن پەنجىرىنگەمۇھەببەت بىلەن ئۇزاق قاراپ تۇردۇم. چىراغ ئۆچكەندىن كېيىنلا ئاستا ئارقامغا ياندىم.

ئەتىسى ئەتىگەن ئىش قىلىپ ئولتۇراتتىم. دۇكانغا بۇۋسۇلتان كىرىپ مېنى تالاغا چىقىشقا ئىشارەت قىلدى. سىرتقا چىقتىم.

-- گۈلئەنبەر سېنى "ئـــتـــتـــكـــرەك ئەلـــچـــى قويدسۇن" دەيدۇ -- دېدى ئۇ.

مەن بۇۋسۇلتانغا قاراپلا قالدىم.

-- ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئەرگە بەرمەكچى بولۇپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ بېشىمدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. يۈرىكىم ئاغرىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ بۇقۇلداپ يىغلاشلىرىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندىم. نېمىدۇر بىر نەرسە ئىچىمنى تاتىلىغاندەك، نېمىدۇر بىر نەرسە ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرگەندەك، نېمىدۇر بىر نەرسە قەلبىمنى سىيلاپ، يۈرىكىمنى غىدىقلىغاندەك بولدى.

شۇ كۈنى كەچتىلا بۇ ئىشنى ئانامغا دېدىم. بېشى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولۇپ كەتكەن ئانام ماڭا رەھمەتتىن مىڭنى ياغدۇ-رۇپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

مەن ئانامنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدىم. پات-پات سىرتقا چىقىپ يولغا قارايتتىم. قايتىپ كىرەتتىم-دە، ئۆزۈمنى سۈپۇغا تاشلاپ ھەم شىرىن، ھەم تەشۋىشلىك خىياللارغا قۇل بولاتتىم. "ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام قانچىلىك بەختلىك بولۇپ كېتەرمەن-ھە؟ ئانام قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر؟. بې-رەرمۇ؟.. نېمىشقا ئانامنى بالدۇرراق ئەلچىلىككە قويمىدىم؟ تېخى گۈلئەنبەر سۆيلىمىسە-ھە؟ مەن نېمىدېگەن پەمسىز، قور-قۇنچاق-ھە؟! مەردانىلىق بىلەن سۆيگۈ ئىزھار قىلىپ، قەلبىم-دىكى مۇھەببەت ئوتىنى يېلىنجىتىپ، غايەت زور لاۋاغا ئايلان-دۇرغانمۇ، ماڭا شوخلۇق، كۆڭۈل ئازادىلىق، شاد-خۇراملىق ئاتا قىلغانمۇ، ۋۇجۇدۇمغا ھارماس روھ بېغىشلىغانمۇ، ئەلچى كىرگۈزۈشكە سۆيلىگەنمۇ.. يەنە شۇ گۈلئەنبەرغۇ؟ ئاھ، جې-نىم گۈلئەنبەر، مېنى كەچۈرگىن! مېنىڭ بىغەملىكىمنى، يۈرەكسىز، پەمسىزلىكىمنى كەچۈر!.

ئانام ئاخىرى قايتىپ كەلدى. مەن چاچراپلا تۇردۇم.

قانداق بولدى. ئانا؟ -- مەن ئانامنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپلا باردىم. ئانامنىڭ چېھرىدىكى بايىقى ئىچكى ھاياجاندىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. ياشاڭغۇر كۆزىدە شادلىق، ئۈمىد ئۇچقۇن-داشقا تېگىشلىكتىغۇ؟

-- ئانا، نېمە دېدى ئۇلار؟ -- مەن تاقەتسىزلىنىپ قايتا

سورىدىم.

-- ئۇچۇر قىلىپ بولۇپتىمىز، ئەمدى يانالمايمىز، دەيدۇ،
-- ئانام خۇرسىنغان هالدا شۇنداق دەپلا شۈك بولۇپ قالدى.
مەن لاسسىدە بولۇپ قالدىم. يۈرىكىمنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك
ئازابلىنىپ كەتتىم. ئاھ، ئۇ ئەمدى باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇپ
كېتەرما؟ ئۇنىڭدىن شۇنداق ئاسانلا ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟ ئاھ،
خۇدا! . . . مەن سۇپىدا دۈم يېتىپ گويا كەپتەردەك بۇقۇلداپ
يىغلاپ كەتتىم. راستىنى ئېيتسام، بۇ چاققىچە مەن بۇنچىلىك
ئەلەم-ھەسرەت بىلەن يىغلاپ باقمىغانىدىم.

-- يىغلىما، قوزام، -- ئانام بېشىمنى مېھرىبىلەن سىيە-
لىدى، - خۇدايىم سېنىڭمۇ رىسقىڭنى بىرەر بىر يەردىن. .

ئانامنىڭ بۇ تەسەللىلىرى قەلب جاراھەتلىرىمگە مەلھەم
ئەمەس، تۇز سەپتى. قولۇڭدىكى رىسقىڭنى باشقىلارغا تارتتۇ-
رۇپ قويۇپ ، يەنە خۇدادىن رىسىق تىلىگەننىڭ نېمە پايدىسى!
؟

دىل يارامغا يەنىلا گۈلئەنبەر ئۆزى تەسەللى مەلھىمى چاپ-
تى، ئۇمىد بېغىشلىدى. لېكىن مەن نېمىشقىدۇر ئۆكسۈپ-
ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم.

-- نېمىگە يىغلايسەن؟ ئوغۇل بالا تۇرۇپ يىغلىساڭ.
يىغلاش بىلەن ئىش تاڭئاتمايدۇ. يىغاڭ مېنى قورقۇتالىغىنى
بىلەن، دادامنى قورقۇتالمايدۇ! دادامنى بىلىسەنغۇ، ئۆزەڭ؟
مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭغا قارىدىم. مېنى "يىغلىما،

يىغلاش بىلەن ئىش تاڭئاتمايدۇ" دېگىنى بىلەن، ئۆزىنىڭمۇ كۆزلىرى تېخىچە توشقاننىڭ كۆزلىرىدەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ شۇتاپتا ماڭا تېخىمۇ سۆيۈملۈك، تېخىمۇ ئوماق كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئالدىمدىكى سۆيگۈنۈم گۈلئەنبەر ئەمەس، بەلكى مەن چوقۇنىدىغان مەبۇدەم ئىدى. ئۇ ماڭا شەپقەتلىك كۆزىنى تىكىپ تۇراتتى. شۇنداق، ئۇ مەبۇد ئىدى. مېنى ئازاب دېڭىزىدىن سۇزۇۋېلىپ، بەخت ئوكيانىغا چۆمۈلدۈرىدىغان قۇدرەتلىك مەبۇد ئىدى!

-- يىغلىما، -- دېدى ئۇ، -- مەن سەندىن باشقا ئەرگە تەگمەيمەن! سەندىن باشقا ئەرگە تەگكۈچە، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالارمەن ئىلاھىم!

-- ساڭا رەھمەت! مەنمۇ شۇ. ساڭا ئۆمۈرلۈك قۇل بولۇشقا، ئىبادەتگۈي، مۆمىن بەندە بولۇشقا رازى!

مەن شۇ كۈنى كېچە ئۇزاق ئويلاندىم. ئويلاپ شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، سۆيگۈنىڭگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئادەمدە پەم-پاراسەت، ئىسيانكار روھ بولمىسا بولمايدىكەن.

گۈلئەنبەر بىلەن ئىككىمىزنىڭ مەسلىھەتىمىز بويىچە ئانام ئۇنىڭ ئۆيىگە يەنە باردى. گۈلئەنبەر: "تەگسەم ئايبەگكە تېگىمەن! باشقا ئەرگە بېرىمىز دېسەڭلار ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلايمەن، تاغدىن سەكرەيمەن. ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىمەن" دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئاخىرى ئۇلار ئانامغا ئىلاجىسىز ئۇچۇر بېرىپتۇ. بۇ ئۇچۇرنىڭ مېنى قانچىلىك خۇشال قىلغانلىقىنى بەلكىم تەسەۋۋۇر قىلالايسىز.

مەن ئەيسا غوپۇرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭغاندا، كەنتنى، گۆگۈم قوينىغا ئالغانىدى. ئىتلارنىڭ هاۋشىشلىرىغا، سوزۇ-لۇپ، سوزۇلۇپ كىلىۋاتقان ئەزان قوشۇلۇپ كىتەتتى.

-- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! -- مەن سالام بىلەن ئۆيگە كىر-دىم. ئۆيگە كىرىشىمگىلا ئوتنىڭ تەپتى يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. مەش قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئوت گۇرۇلدەپ كۆيۈپ تۇراتتى. زوزىلىق چىراغ ئۆينى خېلى ئوبدان يورىتىۋەتكەنىدى.

-- كىلە، ئايىبىگىم، -- قازاندىن ئاش سۈزۈۋاتقان زۇلخۇ-مار جاۋۇرنى يەردىلا قويۇپ، ئورۇن-كۆرپىلەر ئارىسىدىن كۆرپە سۇغۇرۇشقا باشلىدى.

-- بولدى، كۆرپە سالمىسىلا، زۇلخۇمار.

-- سەپقوياي ئاران بىر كەلگىنىڭدە -- ئۇ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ماڭا قارىدى. ئاستىمغا تاۋار كۆرپە تاشلىدى. مەن سۇپۇنىڭ لىۋىدىلا ئولتۇردۇم. ئۇ قولىنى يۇيىۋىتىپ ئاشنى چاپقاشقا باشلىدى.

-- ئەيساجان بارمۇ؟ -- سورىدىم مەن.

-- گۇگۇشىغا كىتىپتى هىچ كەلمەيدىغۇ ئۇ پىت يەپقالغان!

-- ئۇ ئىرىنى بىكاردىنلا تىللاپ كەتتى. مەن گىپىنى ئۆز مۇددىئايىمغا بۇراپ:

-- ئاستاغ. . موهىم بىر ئىش بىلەن كەپتىمەن، -- دىدىم.

-- نىمە مۇهىم ئىشتى ئۇ؟ -- ئۇ يوغان جانان چىنىگە سىلىنغان ئاشنى ئالدىمغا قويدى.

-- بىرەر كىيىملىك ئوبدانىراق بىر نەرسە بېرەمدىكى دەپ كېلىۋىدىم -- مەن يانچۇقۇمدىكى تەييارلىغان پۇلۇمنى تۇتۇپ قويۇپ دېدىم.

-- نېمە قىلاتتىڭ ئۇنى؟

-- لازىمدى.

-- ئادىشىڭغا بېرەمتىڭ؟

-- لازىمدى شۇ -- مەن خىجىل بولۇپ تەكرارلىدىم.

-- نېمىگە لازىمدى؟ -- سوراۋەردى.

-- ھېچنېمىگە، شۇ بىر.

-- ھېچنېمىگە لازىم ئەمەس نېمىنى نېمە قىلىتتىڭ ئې-لىپ؟

مەن "نان ئۇستىدە قويۇتتۇق" دېمەكچى بولدۇم-يۇ، يەنە تىلىمنىڭ ئۇچىدا ساڭگىلاپ قالغان گېپىمنى تارتىۋالدىم. چۈن-كى بۇنداق دېسەم، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمايتت-تى. "كىمنى ئالىسەن؟ قايسى مەلىددىن. " دەپ مېنى يەنە ئاۋارە قىلاتتى. شۇڭا:

-- بۇنى سىلىگە دەپ بېرەلمەيمەن! -- دېدىم قەتئىي قىلىپ.

-- ئەمىسە مەنمۇ ساڭا لازىملىق نەرسىنى ئەپبېرەلمەيمەن!

-- دېدى ئۇمۇ كەسكىن قىلىپ.

ئۇنىڭ دېگىنى راست ئىدى. قاپىقى يامان، ئۆكتەم، خۇ-شامەتچى ئەيسا غۇپۇر خوتۇنىنىڭ سىزغان جىجىقىدىن چىقالمايت-تى. خوتۇنىنىڭ ئىشتىنىدا ناماز ئوقۇيدىغان بۇ تەرسا ئادەمنىڭ

قولىدىن پۇقرانىڭ ئۇبدانراق بىر نەرسە ئالمىقى خۇددى پىتىر ناندىن قىل ئالماقتىنمۇ قىيىن ئىدى. چۈنكى ئەيسانى ”ئەيساجان“ قىلغان زۇلخۇمارنىڭ دادىسىدىن قالغان مال-دۇنياسى ئىدى. زۇلخۇمارنىڭ دادىسى يومپىشچىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالتۇن-كۈمۈش يوق دېسە، ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. ئەمما، زۇلخۇمار ”مۇسادىرە“لەردىن ئامان-ئېسەن قۇتۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭىمىكىن، بەزىلەر ”كاتتىلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشتە زۇلخۇماردەك ئۇستىدىن يەنە بىرى يوق“ دەيتتى. ئەيسا غۇپۇردىن يالۋۇرۇپمۇ ھېچنەرسە ئالالمىغان كېشىلەر زۇلخۇمارنى شىلاپ، يېغى يوق ئايروپىلاندا ئۇچۇرۇپ، ئاغزىنى ئانچە-مۇنچە مايلاپ قويۇپ ئۇنى-بۇنى ئالالايتتى. مەنمۇ ئۆتكەندە بىر بولاق قەنتنى كۆينەك-ئىشتىنىنى ھەقسىز تىكىپ بېرىدىغان بولۇپ ئالمىدىممۇ؟ تاس قالدىم بۇنىڭ بەدىلىگە.

شۇ چاغدا 30 ياشلاردىكى. ئېگىز بوي؛ قامەتلىك، ناھايىتى ئىسكەتلىك سەمرىگەن، ئاق يۈزلۈك، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، قەۋەتلا چىرايلىق بۇ چوكان بوينۇمنى قايرىپلا سۆيۈۋالماقچى بولغانىدى، مەن دەرھال ئۆزەمنى ئېپقاچتىم. بوينۇمنىڭ قارسىدە قىلىپ قالغىنىمۇ ھازىرقىدەك ئېسىمدە. تۈيۈپ تۇراتتىمكى، ”قۇشقاچنى قاچان تۇتىسەن؟ قار ياغقاندا“ دېگەندەك، مېنى كۆرسىلا كۆيدۈم-پىشتىم دەپ ماڭا ناز-كەرەشمە ياغدۇرۇپ، يۇرىدىغان بۇ چوكان بۇگۈنمۇ مېنى تار كوچىدا قىستىماق بولىۋاتاتتى، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرساممۇ، بۇ يەرگە كەلمەي، ئامالىم يوق ئىدى. قېرىشقاندەك ئېرىنىڭ

يوق بولۇپ قالغىنىنى دېمەمسىز؟

-- مېنى تار يەردە قىستىمىسىلا، ئۇ دۇنيا-بۇدۇنيا خۇش بولۇپ كېتەي سىلىدىن! . . . ، - مەن ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم.

-- ماقۇل، -- دېدى ئۇ كۆزۈمنىڭ تېگىگە ئاشقىلارچە تىكىلىپ، -- ئەمىسە. . . ئەمىسە. . . ، - ئۇ ئالدىمغىلا كېلىپ توختىدى، -- بىر شەرتىم بار، كۆنەمسەن؟

-- شەرت ؟ نېمە شەرت ئۇ؟

-- كۆنسەڭ دەيمەن.

. --

-- گەپ قىلمايسەنغۇ؟ مېنىڭ بولۇشقا رازى بولغان بول-ساڭ مال دۇنيارىم، ئالتۇن، كۈمۈشلىرىم. . . ياق! نەدى-كى ئالتۇن-كۈمۈشكەن -- ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ گەپ ئۇنى ئالاق-جالاق قىلىۋەتتى، ئۇ ئىتتىك تەكچىگە قاراپ قويدى. مەنمۇ ئىختىيارسىز ئۇ قارىغان يەرگە قارىدىم ۋە قاچا-قۇچىلار ئارىسىدىن پولات ساندۇقتەك بىر كىچىككىنە نەرسىنى كۆردۈم.

-- دېسىلە شەرتلىرىنى! -- ئۆزىنى دەرھال ئوڭشاپ ھىجاراشقا باشلىغان زۇلخۇمارغا قاراپ، يۈرىكىم پوكۇلدىغان ھالدا شۇنداق دېدىم.

-- مېنى سۆيۈپ قويىسەن!

-- نېمە؟! -- غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى، -- چاقچاق قىلمىسىلا، زۇلخۇمار، ئۇكىلىرىدەك ئادەمگە.

-- مەن چاقچاق قىلمىدىم -- ئۇ ماڭا ھاياسىزلارچە تىكى-لىپ تۇراتتى، -- راست، بۇ چاقچاق ئەمەس، ئايبەگ. مەن

ساڭا كۆيۈپ قالدىم، راستلا كۆيۈپ قالدىم. زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى مېنىڭ! سەن كۆيۈكنىڭ قانداقلىقىنى بىلەمسەن؟
!ــ ئۇ ماڭا نازلىق جىلمايدى.
مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئۇ ماڭا تېخىمۇ يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ ماڭا شۇنداق يېقىن كەلگەن ئىدىكى، ئېغىز-بۇرنىدىن ئېتىلىپ چىقىپ تۇرغان سەي ھىدىدىن كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى. يانغا ئۆتۈۋالاي، دەپ تەمشىلىۋىدىم، ئۇ توسۇۋالدى.
ــ ئۇنداق قىلمىسىلا، زۇلخۇمار ئاچا، ــ دېدىم يېلىنىپ.
ــ مېنى ئاچا دېمە، پاسكىنا تاز، ــ ئۇ ئەركىلەپ يۇزۇمنى سىلىدى. مەن قولىنى ئىتتىرىۋەتتىم.
ــ ئۇنداق قىلمىسىلا، گۇناھ بولىدۇ.
ــ مەيلى گۇناھ بولسا، يۈرىكىم ئىشقىڭدا كۇل بولۇپ كەتسە ساڭا گۇناھ بولمامدۇ؟ ــ ئۇ مېنى بىر ئىتتىرىۋېدى، مەن سۇپۇغا پۇتلىشىپ كۆرپىگە ئوڭدامغا يىقىلدىم. ئۇ ئۆزىنى ئۈستۈمگە تاشلىدي. ۋىجىك قەددىم ئۇنىڭ ئاستىدا خۇددى تۆگە تاپىنى ئاستىدا قالغان چۈمۈلىدەك مىجىلىپلا كەتتى. مەن گويا قىسماققا چۈشۈپ قالغان قۇشقاچتەك تېپىرلىدىم، يۇلقۇندۇم، تىركەشتىم.
ــ ئەسلە... سىلە... خۇ... خۇدادىن... ، ــ گېپىمنى ئۇنىڭ چوكۇلدىتىپ سۆيۈشلىرى ئۈزىۋەتتى.
دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ قازىنى قايناپ-تېشىپ مەشنى پاژىل-

داتقىلى تۇردى. مەن ئۇنى كۆچەپ ئىرغىتتىم. ئۇ ئۇستۇمدىن سىيرىلىپ چۈشتى-دە، ماڭا غالىبانە قاراپ قويۇپ، تۇۋاقنى ئالدىرىماي ئالدى. تاشقان سۇ مەشىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ كۆل قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى "مۇھەببەت" ئوتىمۇ قاچان شۇنداق ئۆچەر؟ ئاھ، قادىر خۇدا، ئۇنىڭ دىلىدىكى پىراقنى (راستلا مېنىڭ ئىشقى ئوتۇم بولسا) قۇدرەت-كامالىڭ بىلەن ئۆچۈرۈپ كۆل قىلىۋەتكەيسەن!

مەن يەرگە چۈشۈپ كېتىپ ئۇنىڭ تاپانلىرى ئاستىدا خۇددى قەدىر-قىممىتىم، نومۇس-ئارىم، ۋىجدان-غۇرۇرۇمغا ئوخشاشلا پۇرلىنىپ، توپىغا مىلىنىپ ياتقان تەلپىكىمنى ئالدىم-دە، ئىشىكنى ئاچقاچ:

-- ئەمدىغۇ بولغاندۇ؟ -- دېدىم زەردە بىلەن.

-- ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! -- دېدى ئۇ مەغرۇرانە ھىجىيىپ.

ئۇ كەينىمدىن چىقتى. مەن كەينىمگىمۇ قارىماستىن تۇن قوينىغا سىڭىپ كەتتىم.

ئەتىسى سەھەر. قار ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. مەن ئەتىگەندىلا نان ئۇستىگە قويىدىغان بىر كىيىملىك رەختنى تېپىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

بىر كۈن قاتراپمۇ ماڭا لازىم بولۇپ كېتىۋاتقان بىر كىيىملىك رەخت تاپالمىدىم. كەچتە غەم-قايغۇغا پاتقان ھالدا ئۆيگە قايتتىم. ئالدىرىغانسېرى. . . يەنە بىر كۈن كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتىمدە. . . ئانامغا نېمە دەرمەن؟

ئۆيگە كىرسەم ئانام ئوچاق ئالدىدا غەمگە چۆكۈپ ئولتۇ-رۇپتۇ. ئانامنىڭ غەمكىن تىكىلىشلىرىدىن مۆزەمنى قاچۇرۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، تەلپىكىمنى ئالغاچ، يىغلىۋېتىدىغان تەلەپپۇزدا:

—— بىر كۈن ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم —— دېدىم.

ئانام نېمە دەۋاتقانلىقىمنى چۈشەنمىگەندەك، ئىتتىك بېشىنى بۇراپ سوئال ۋە ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلدى.

—— نېمىنى دەيسەن بالام؟ تاپالمىغىنىڭ نېمە ئۇ؟ —— دەپ سورىدى.

مەن ئانامنى غەمگە پاتۇرغان نەرسىنىڭ دەل مەن نەچچە كۈندىن بۇيان ئىزدەپ يۈرگەن ئاشۇ كىچىككىنە بىر نەرسە ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمانلانمىغاچقىمۇ، ئانامنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنمىگەنلىكى مېنى ھەيران قىلدى.

—— ھېلىقى نان ئۈستىگە قويىدىغان بىر كىيىملىك رەخت بولمامدۇ؟! —— دېدىم سەل تېرىكىپ.

—— ۋاي بالام ئەتىگەن سەن چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر خانىم "ئوغلىڭىز دەپ قويغانىدى شۇڭا ئەكەلدىم" دەپ بىر كىيىملىك كۆينەكلىك ئەكەپتى، پۇل تەڭلىسەم ئوغلىڭىز بې-رىپ بولغان دەپ ئالغىلى ئۇنىماي چىقىپ كەتتىغۇ.

—— نېمە؟! ئۇ كىم زادى؟ —— مەن يامان ئىش قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان ئادەمدەك ئالاقزادە بولۇپ كەتتىم.

—— ئېتىنى زۇلخۇمار دېدىغۇ... نېمە؟ سەن بىلمەمسەن بۇ ئىشنى؟

-- ھە، ھە. . . ئىسىمگە. . . ئىسىمگە كەلدى. بىلىمەن، مەن سورىغان. . . ھەم پۇل. . . پۇلىنىمۇ تۆلىگەن--تۇيۇقسىز لا خۇشال بولۇپ كەتتىم، كاللام يورۇپ، بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى دەرھال ئۇنتۇدۇم، كاللامدا پەقەت گۇلئەنبەرلا قالغانىدى. ”ئىش پۇتۇپتۇ“ دەپ ئويلىدىم-دە:

-- قانداق ئانا، ئەمىسە بۇگۈن نان قويۇش ئۇچۇن بېرىپ-سىز دە؟ ئۇلار نېمە دېدى؟ ۋاقىتنى بەلگىلەپ بەردىمۇ؟ —— دەپ ئارقا-ئارقىدىن سوئال ياغدۇرۇۋەتتىم. مەن ئۆز خىيالىم بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئانامنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە زادىلا دىققەت قىلماپتىمەن. ئۇنىڭ جاۋاب بەرمەي جىم ئولتۇرىۋالغى-نىنى كۆرۈپ، مەنمۇ جىممىدە بولۇپ ئانامغا تەلمۈرۈپ ئولتۇ-رۇپ قالدىم. يۈرىكىم قانداقتۇر بىر يامان خەۋەرنى سەزگەندەك تېپىرلاپ كەتتى. ئانامنىڭ مېھرىبان چىرايىغا غەم تۇمانلىرى قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. گويا يىلتىزىنى قۇرت يەپكەتكەن مايسىدەك سولىشىپلا قالغان بىچارە ئانام ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى.

-- نېمە بولدى، ئانا؟

-- بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر، دېگەن شۇ، بالام.

ئانامنىڭ دېيىشىچە، سارجا، سوكنولاردىن پەلتۇ، قات-قات سارجا كاستۇم-يوپكا، قات-قات دۇخاۋا كۆڭلەك، قات-قات ئۆتۈك. . . ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك، كۈمۈش بىلە-زۈك. تويلۇق ساپتۇ. بۇلارنى ئاڭلاپ بېشىم پىررىدە قايدى.

ئۆزۈمنى گويا تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك، كۈمۈش بىلەزۈكلەرنى سالمىغان بولسىمۇ، قەرز-پەرز قىلىپ بىر ئىش قىلىۋالالايتتۇق. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇ تويلۇقنى ئالالىشىم مۇمكىن ئەمەس، زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى!

—— ھالقا، ئۈزۈك، بىلەزۈكلەرنى كېيىنرەك ئەپپېرىشكە ئۇنىماسما، ئانا؟

—— سايىتاخۇننى بىلمەمسەن، بالام؟ تەرسا جوھۇت ئۇ! بىچارە ئايتۇراخاننى بىر ئېغىزمۇ ئاچۇرمىدى، ——ئانامنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق زەئىپ ئىدىكى. مەن ئۇنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى ئارانلا ئاڭلىيالىدىم. ئانام كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى. ئوغلىنىڭ بەخت-تەلىيى ئۈچۈن يىغلاۋاتاتتى. ئوغلىنىڭ كاج تەقدىرىگە ئېچىنىپ يۈرەك-باغرىنى داغلاپ، كۆزىدىن قان تۆكۈۋاتاتتى.

مەن بۇ كۈنلەردە خۇددى سۇ مېيى ئىچىۋالغان ئادەمدەك گاراڭ، خامۇش بولۇپ قالغان ئىدىم. ئالغان-قويغىنىمنى، ماڭغان-تۇرغىنىمنى. بىلمەيتتىم. قىلمايدىغان خىيالىم يوق ئىدى. خىيالىمنىڭ كۆپرەكى غايىب غەزىنىلەر ئۈستىدە بولاتتى. قايسى بىر پۈچۈق تاملىقتىن قايسى بىر خارابىلىقتىن 15-10 يامبۇ، بىرەر خىش ئالتۇن، بىرەر كوزا تىللا-كۈمۈش. ئۇچراپ قېلىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم-ھە! ئاھ، غۇربەتچىلىك! ئاھ، نامراتلىق! . .

ھالقا، ئۈزۈك، بىلەزۈكلەرنى كېيىنرەك ئېلىپبېرەيلى

دەپ ئانام سايتكامغا، مەن گۈلئەنبەرگە بىر قانچە قېتىم يالۋۇر-دۇق. بىراق گۈلئەنبەر بىر تال تويلۇق ئالمىساڭمۇ مەيلى دېگىنى بىلەن، سايتكام: "بۇ مېنىڭ بىر تاللا قىزىم، تويىنى ئۇبدانراق قىلىپ بەرمىسەم بولمايدۇ" دەپ گېپىدە چىڭ تۇرۇ-ۋالغان ئىدى.

بىر كۈنى دۇكاندا گۈلئەنبەر ئىككىمىزلا قالغانىدۇق. مەن ئۇنىڭغا يەنە يالۋۇردۇم.

ئاناڭغا يەنە يالۋۇرۇپ باق، جېنىم گۈل، ھالقا، ئۈزۈك، بىلەزۈكلەرنى كېيىنرەك ئەپبەرسۇن، دەپ.

-- مېنى يالۋۇرمىدى، دەمسەن؟ يالۋۇردۇم شۇ. دادام تاش چىشلەپ تۇرسا، ئانام نېمە قىلالايتتى؟ ئانام ئارا تۇرمىغان بولسا، دادام ھېلىغىچە مېنى غۇلجىغا ئۇچۇرۇپ بولاتتى.

بىز خېلىغىچە ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ قېلىشتۇق.

-- ھازىر سېنىڭ قانچە پۇلۇڭ بار؟ -- دەپ سورىدى گۈلئەنبەر بىر پەستىن كېيىن بىردىنلا جانلىنىپ.

-- نىسى پۇللۇرۇمنى جۇغلىسام 3-4 يۈز كويچە، قانداق؟

-- باي دادام ماشىنىسىنى ساتىدىكەن. ئېلىپ ئەتىدە-ئاخ-شامدا ھۈنەر قىلامسەن-يا؟

"باي دادام" دېگىنى تاغىسى ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ نېمجان ئۈمىدىم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، سۈغا چۈشكەن بېلىجاندەك يايراپ كەتتى.

-- ئەقلىڭگە بارىكاللا، گۈل!

-- خاتىرجەم ھۈنىرىڭنى قىلىۋەر. تىكىپ بولالمىساڭ

ماڭا كېسىپ بەر، مەن تىكىپ بېرىمەن. قاچان پۇل تاپساڭ، شۇ چاغدا توي قىلىلى، ماقۇلمۇ؟ مەن سېنى ساقلاي. مەن ھاياتكى، سەندىن باشقا ئەرگە تەگمەيمەن!

ئاھ ئۇنىڭ يۇكسەك ئېتىقاد، چىن مۇھەببىتىگە نېمەم بىلەن جاۋاب بېرەرمەن؟ بىر خىل ئىچكى ھاياجان مېنى تۇۋلاشـ قا، ناخشا ئېيتىشقا، تاقلاپ بېرىپ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاشقا، مۇھەببەت بىلەن سۆيۈشكە قىستايتتى.

شۇنداق قىلىپ كونا بىر ماشىنىنى 260 كويغا ئالدىم. كۈندۈزى دۇكاندا ھۈنەر قىلسام، كېچىلىرى ئۆيدە مەخپىي ھۈنەر قىلدىم. ئىش جىق ئىدى. تىكىپ ئۈلگۈرتۈپ بولالمىغان ئىشلارنى گۈلئەنبەر ئۆيدە تىكىپ ئەكىلىپ بېرەتتى. مەن خېرىدارلار بىلەن باھا تالىشىپ ئولتۇرمايتتىم. بەرگىنىنى ئالا- تتىم. پۇلۇم كۆپەيمەكتە ئىدى. مۇشۇ پېتى يەنە 6.5 ئاي ھۈنەر قىلىۋالسام، پۇلۇم دېگەن چىنەككە يېتەتتى. ئوتتۇز كويدىن ئەپقويغان ئۈچ پاخلىنىم سەمىرىپ ھازىر ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان چىرايلىق قوچقارچاقلاردىن بولۇپ قالغانىدى. تەقدىر ماڭا ئالدىنى قىلماقتا، ۋىسال قانىتىنى سادەك ئېچىپ ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى.

بىر كۈنى "يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكۈچە، بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ" دېگەندەكلا بىر ئىش يۈز بەردى:

چىڭقى چۈش مەزگىلى ئىدى. ئانام بىلەن ئىككىمىز ھويـ لىدا ئاش ئىچىپ ئولتۇراتتۇق. ھويلىغا قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقاشقان، مەيدىلىرىگە ماۋجۇشىنىڭ چوڭ-كىچىك ئىزنىكىنى

قادىۋېلىشقان بىر توپ ياشلار بۆسۈپ كىرىشتى. بىرسى تېخى بەش يۈلتۇز چۈشۈرۈلگەن قىزىل بايراقنى ئېگىز كۆتۈرىۋالغاندى. ئانام بىلەن ئىككىمىز قارىشىپلا قالدۇق. بىرى كەلگەنچە كېلىپ مەيدەمدىكى ئىزنەكنى بىر تارتىۋېدى، چاقماق كۆينىكىم جارتتىدە قىلىپ يىرتىلىپ كەتتى.

-- كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان سەندەك بىر داشقالنىڭ ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشىنىڭ مۇبارەك ئىزنىكىنى تاقاش ھوقۇقى يوق! -- دېدى ئۇ ئىزنەكنىڭ بېغىدا لەپىلدەپ تۇرغان كۆينىكىمنىڭ پارچىسىنى ئېلىۋېتىپ، -- كۆزلىرىنى بۇقىدەك ئالايتىدۇ-يا، ما كاپىتالىزمنىڭ كۈچىكى!

-- نوخلىسىنى ئەپقويىلى ما ئۇنسۇرنىڭ!

بېشىمغا كەلگەن بۇ بالايى-ئاپەتتىن ئەس-ھۇشۇمنى يوقىتىپ ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا قېتىپلا قالدىم.

-- ئاختۇرۇڭلار! -- دېدى ئۇلارنىڭ باشچىسى، ---بۇنىڭ بىلەن كېيىن ئوبدان ھېسابلىشىمىز!

ياشلارنىڭ بىر قىسمى ئۆيگە بۆسۈپ كىرىپ كېتىشتى. ئاڭغىچە مەن چەمبەرچاس باغلىنىپ بولدۇم. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار ماشىنىنىڭ چوققىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى-دە، ئۇنى سادىدۇقتىكى مىڭ مۇشەققەتتە جۇغلىغان 850 كوي پۇلۇم -- ماڭا ئۆمۈرلۈك بەخت ئاتا قىلىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ پەس، ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ئەڭ بىچارە، ئەڭ سېھىرلىك ۋە ئەڭ خىسلەتسىز نەرسە بىلەن قوشۇپ بوينۇمغا ئاستى. ئېغىلدىن ھېلىقى ئوماق قوچقارچاقلىرىمنى سۆرەپ چىقىشتى.

مەن كۇرەش مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىلدىم. ئانام دەرۋازىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلەنگىنىچە زار-زار يىغلاپ قالدى.

مەن قىسرتاق يېشىمنىڭ تەمىنى تېتىغاچ. 3 كۈن كۇرەش قىلىندىم-دە، دۇكاندىن قوغلاپ چىقىرىلدىم. كىيىم تىكىش ماشىنىسى، پۇل، قويلىرىم مۇسادىرە قىلىندى.

ئانام دەرد-ئەلەمگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. مېنى كۆرسىلا ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتىنىپ يىغلاپ كېتەتتى. شۇڭا مەن ئانامنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى روھلۇق، خۇشال تۇتۇشقا تىرىشاتتىم. لېكىن خالىي يەرلەرگە — مۇھەببەتىمىز نىڭ چىنلىقىغا، مۇقەددەس، يۈكسەكلىكىگە ھەرۋاقىت گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان دەريا بويىغا بېرىۋېلىپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتىم. ھەر-ھەر قورام تاشلارنى يىراق-يىراقلارغا، ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان سىرلىق، ساماۋى ماكانلارغا ئېلىپ كېتەلەيدىغان بۇ قۇدرەتلىك ئانا دەريا زېمىندىكى بارلىق تاغلارنىڭ ۋەزنى بار كۆز ياشلىرىمنى ئېقىتىپ كېتەلەگىنى بىلەن، دەرد-ئەلەملىرىمنى، ئاھ-پىغانلىرىمنى ئېلىپ كېتىشكە ئاجىزلىق قىلاتتى.

بىز دەريا بويىدا ئۇچراشتۇق. دەريا خۇددى بىزگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك، بىزنىڭ تەقدىرىمىز ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندەك مۇڭ بىلەن شەپىسىز ئاقاتتى. يىراقلاردىكى ئاق سەللىلىك تاغلار بولۇتقا لەۋ يېقىپ مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، خۇددى بىزنىڭ مۇقەددەس سۆيگۈمىزدەك!

— دادام مېنى يەنە غولجىدىكى ئاكىسىنىڭ ئوغلىغا تېگىۋا-

تىدۇ، تەگسەڭمۇ تېگىسەن، تەگمىسەڭمۇ تېگىسەن، دەپ، ــ دېدى گۈلئەنبەر يىغلامسىراپ.

ــ ئۇنىما! ــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا خىتاپ قىلىپ.

ــ ئۇنىماي مۇشۇ يەرگە كەلدىم شۇ. دادامدىن يېگەن تاياقلىرىمنى سەن ئۇقمايسەن. ”ئايىمەگكە تېگىمەن، دېسەڭ، ئۆيدىن چىق، نەگە بارساڭ بار! دادام بار، دەپ مىنى ئىزدەپ كەلگۈچى بولما! . . يا مەندىن كېچىسەن، يا ئايىمەگدىن. ئوبدان ئويلا!“دېدى باياتىن، ــ ئۇ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ دەردلىك يىغىسىدىن مۇھەببەت يېغىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئازابلىق يىغىسىدىن ئۈمىد-ئىشەنچ ئوخچۇپ تۇراتتى. يۈرىكىم شۇنداق ئېچىشتىكى، ئېشىپ قويۇپ بېرىلگەن يىپەك ئارقاندەك تولغىنىپ كەتتىم.

ــ بولدى، گۈل، يىغلىما، ــ دېدىم مەن ئەلەمدىن بوغۇلۇپ، ــ داداڭنىڭ گېپىگە ئۇنا. مەن سېنى بەختلىك قىلالمىدىم. مېنى كەچۈرگىن! مەن سەندىن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى! سېنى مەڭگۈ. مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن!

ــ ياق، مەن هامان ساڭا مەنسۇپ. مەيلى دادام ئۆيدىن قوغلاپ چىقارسا.

ــ ئەمىسە. . ئەمىسە قاچىلى، گۈل، ماقۇلمۇ؟

ــ سەن نېمە دېسەڭ، مەن شۇ. دوزاخقا باشلىساڭمۇ ماڭىمەن.

شۇنداق قىلىپ قاچىدىغان بولۇشتۇق. يېنىمدا قالغان قاتتىق-قۇرۇقنى يىغدىمدە قېچىشقا هازىرلاندىم. بىراق ئانامنىڭ

كېسەللىكى تۇيۇقسىزلا ئېغىرلىشىپ ئاش-سۇدىن قالدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئانامنى تاشلاپ قانداقمۇ قېچىپ كېتەلەيمەن؟ ئاخىرى ئانامنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ياتاقلا ئال-دۇردۇم. 10 كۈن بولغاندا دوختۇرلار: ”يا يەنە پۇل تۆلە، يا ئاناڭنى ئېلىپ چىقىپ كەت“دەپ سۆيلىگىلى تۇردى. كەنتكە كېلىپ يالۋۇرمىغان كادىر، بويۇن قىسمىغان ئادەم قالمىدى. ئاخىرى ئىلاجىسىز زۇلخۇمارنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا مەجبۇر بول-دۇم..

مۇبارەك شالدۇرغۇچنى ئېچىپ قويدى. مەن ئۆزۈمنى شالدۇرغۇچقا بىردەم قاقلاپ سەگىۋالدىم-دە، چايدىن بىر ئوت-لام ئىچىۋېتىپ سۆزۈمنى داۋام قىلدىم.

سۆزۈم تۈگىگەندە، مۇبارەك كېسىلگەن بارمىقىمغا ئېچىن-نىش بىلەن قاراپ قالغانىدى.

-- مەن ئەنە شۇنداق پەسكەش ئادەم، مۇبارەك خانىم، -- مەن ئۇنىڭغا ئەلەملىك كۆزلىرىمنى تىكتىم. ئۇ ماڭا ئېچىنىۋا-تامدۇ ياكى نەپرەتلىنىۋاتامدۇ؟ بۇنى بىلەلمىدىم. ئۇ ئېغىر خۇر-سىنىپ قويۇپ، ئاغزىنى ئۆمەللىدى-يۇ، گەپ قىلمىدى. ئارىنى ئېغىر سۈكۈنات باستى.

ئوچۇق سوت ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى. مۇبا-رەك ئاجايىپ تالانتى بىلەن ھەممىدىن غالىب كەلگەنىدى. ئىش-لەپچىقىرىش 6 ئاي توختاپ قالغانىدى، توختام مۇددىتىگە يەنە 6 ئاي قوشۇپ بېرىلدى.

مۇبارەككە چەكسىز ھۆرمەت، رەھمەت-تەشەككۇر بىلدۈر-دۈم. ئەمما ئۇ مۇھەببىتىمگە تەلمۈرۈپ تۇراتتى. مەندىن پۇل ئەمەس، مىننەتدارلىق ئەمەس، بەلكى پاك مۇھەببەت تەلەپ قىلىپ تۇراتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. قەلبىمدە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت، قايىللىق، سۆيۈنچ جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنىمۇ خالىمايتتىم، ئۇنىڭغا قىيالمايتتىم. بىراق بۇ مۇھەببەتمۇ؟!.. مەن ئاخىرى جاۋاب تاپتىم. بۇ مۇھەببەت ئەمەس. مەن مۇھەببىتىمنى ئاللىقاچان باشقا بىرسىگە تەقدىم قىلىپ بولغان. بۇ پەقەت دوستلۇق، ھېسداشلىق، كۆيۈنۈش..

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەرقانداق بىر ئەركەكنى بەختلىك قىلالايدىغان ئېسىل خىسلەتلەر مۇجەسسەملەنگەنىدى. مۇشۇنداق پەرىشتە سۈپەت ئىنساننى مەن قانداقمۇ ئاللىقاچان باشقا بىرسىگە تەئەللۇق بولۇپ كەتكەن مۇھەببىتىمنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ساڭا بېرىمەن دەپ ئالداي، ئۇ مېنىڭ ھېسداشلىق قىلىشىمغا موھتاج ئەمەس!

ئۇ ئەقىللىق قىز ئىدى. گەرچە ئۇنىڭغا قانچىلىك ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ مېنى چۈشەندى، مېنىڭ ساداقىتىمگە، سەمىمىيىتىمگە ئاپىرىن ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشىكىمنىڭ ھەرقاچان ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.

كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ بۇ يەردىن كەتكەنلىكىنى بىلدىم. يۈرىكىم سوغۇق تىترەپ كەتتى. ئاھ، مەن يەنە بىر قېتىم بەختتىن

مەھرۇم قالدىممۇ؟! ھېسسىياتىم، خىياللىرىم چىگىشلىشىپ، مېنى ئۆزۈنغىچە قىيىنىدى. ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ قايتۇرۇپ كېلىش قارارىغىمۇ كەلدىم. لېكىن نېمىشقىدۇر ھەرىكەت قىلىشقا جۇرئەت قىلالمىدىم. ئۇنى ئەسلىدىم ئۇنىڭغا بەخت تىلىدىم...

شۇنداق قىلىپ، ئاستا-ئاستا تىنىچسىز كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ھەممە ئىش ئۆز ئىزىغا چۈشۈپ قالغاندەك ئىدى. ھەر قېتىم مۇبارەك يادىمغا كەلسىلا مېنى ئازابلىق ھېسسىياتلار چۇلغىۋالاتتى. ئەمما بۇنداق چاغلىرىم بارغانچە ئازلاپ باراتتى. شۇنداق، ھاياتىمدا بۇ پەرىشتە سۈپەت قىز مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئەسلىمە بولۇپ قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئۇ توغرىلىق ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىمىدىم. كۈنلىرىم ئالدىراشچىلىققا غەرق بولۇپ كەتتى.

## 7

پۇللىرۇم كۆپەيمەكتە ئىدى.. پۇلنى جۇغلاۋېرىپ نېمە قىلىمەن؟ بەختلىك بولۇش ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنى يەملەپ ئىشتان-چاپان كېيىش ئۈچۈنمۇ؟ كېپەنلىك قىلىش ئۈچۈنمۇ؟... شۇنچە پۇللار بىلەن نېمىشقا بەختلىك بولالمايمەن؟ پۇل بەخت تەۋەللۇت قىلىدىغان بولسا، نېمىشقا ھازىرغىچە ماڭا بەخت تۇغۇپ بەرمەيدۇ؟.. ھەي ئايبەگ، ھەي ئايبەگ! شۇ پۇل سېنىڭ قەلبىڭنى بۇلغىغان ئىدى. نېمىشقا شۇ پۇل بىلەن قەلبىڭنى پاكلاشنى

نىيەت قىلمايسەن بۇ چاققىچە؟ زېمىن سېنى مىليونېر قىلدى، لېكىن زېمىنغا سەن نېمە سوۋغا قىلدىڭ؟.

مەن بىر ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ئىدىم. شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنىدىغان بىر قىسىم گېزىت-ژۇرناللارغا دائىم مۇشتىرى بولاتتىم. بىكار ۋاقىتلىرىمنىڭ ھەممىسىنى كىتاپ-ژۇرنال ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتىم. كىتابتىن باش كۆتۈرسەملا يۇقارقى سوئاللار خىيالىمغا ھاكىملىق قىلاتتى. بۇ خىياللار مېنى يېڭىچە بىر ئىش قىلىشقا قىستايتتى.

بىر كۈنى يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىغا كىردىم. ئۇلار ھازىر بىلىيارت بىلەن پۇل تېپىشقا چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىليارتخانىدىن پونكىت باشقۇرغۇچىنى سۆرەپ چىقىپ كۈتۈپخانىنى ئاچتۇردۇم. بۇرۇن ئاشخانا قىلىنغان كىچىك، قاراڭغۇ بىر ئۆيدە كىتاب، ژۇرناللارنى توپا بېسىپ يېتىپتۇ. بىر ھازا مالتىلاپ 1982-يىلدىن كېيىن نەشر قىلىنغان كىتابتىن بىرنى تاپالمىدىم. شىلەپەمدىكى ئۆمۈچۈك تورلىرىنى قېقىۋەتتىم. لېكىن قەلبىمدىكى ئېچىنىش تورلىرىنى خېلى ۋاقىتلارغىچە قېقىۋېتەلمىدىم.

شۇ كۈنىلا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئويۇمنى ئېيتتىم. ئۇلار يول بويىدىن بىر ئەسكى تاملىقنى كۆرسىتىپ بەردى. چېقىپ تۈزلىتىپ كەڭرى بىر زال سالدۇردۇم. ئۈستەل-ئورۇندۇقلارنى تىزدىم. گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولدۇم. ناھىيىلىك ۋە ۋىلايەتلىك شىنخۇا كىتابخانىسىدىن ھەرخىل ئەدەبىي ۋە پەن-تېخنىكا كىتابلىرىنى سېتىۋېلىپ تىزدىم. مەخسۇس بىر

ئادەمنى توختاملىق ئىش ھەققى بىلەن كۇتۇپخانا خىزمەتچىلىكى-
گە قويدۇم. . .

بىر كۈنى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان «تۇمەنتال چېچەكلىرى»
ناملىق بىر ئەدەبىي ژۇرنال قولۇمغا چۇشۇپ قالدى. بۇنى كۆ-
رۇپ ھەيران قالدىم. بۇ ژۇرنالنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ تۇمەن-
تال يېزىسى چىقارغان ئىدى. بىر يېزىنىڭ ژۇرنال چىقىرىشى
ئاسان ئىشمۇ؟ بىزنىڭ يېزىمىز ئەمەس، ناھىيىمىز 4-5 يىل
بولدى ژۇرنال چىقىرىمىز دېگىلى تۇرغىلى، ھازىرغا قەدەر بىر
سانمۇ چىقىرالمىدى. بىر ناھىيە بىر يېزىچىلىك بولالمىسا-ھە؟
ناھىيىمىزدە ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى ناھايىتى كۆپ. ھەتتا
مۇشۇ كىچىككىنە يېزىمىزدىمۇ شېئىر-ھېكايە يېزىپ ئېلان قى-
لىۋاتقان ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرىدىن ئون يەتتىسى بارئىكەن.
لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىي ژۇرناللار ئاپتورلارنىڭ
ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتقانلىقى ئۈستىگە، قەيەر پۇل بەرسە،
شۇ يەردىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسىرىنى بېسىۋاتىدۇ. ھەتتا بىر سان
ژۇرنالنى بىر ناھىيىگە ياكى شەھەرگە پۇتۇنلەي سېتىۋېتىدى-
غان، بېغىشلىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتى-
دۇ. شۇڭا ناچار ماللار ئەدەبىيات غەزىنىمىزگە بۆسۈپ كىرىۋا-
تىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىستىقبالى
نېمە بولماقچى؟ بۇلار مېنى ئەنسىرىتىپ قويۇۋاتاتتى.

مەن بىر ئەدەبىي ژۇرنال چىقىرىشنى ئويلىدىم ۋە بۇ ئويۇم-
نى ناھىيىمىزدىكى ئابدۇللا، قاۋۇل قاتارلىق يازغۇچى دوستلى-
رىمغا ئېيتتىم. بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقۇ-

دەك بولۇپ كەتتى.

-- جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدىغان، مەملىكەت ئىچىدە بىر تۇتاش ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇرنال قىلساق دەيمەن. سىلەرچە مۇمكىن بولارمۇ؟ -- دەپ سورىدىم مائارىپ ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان شائىر دوستۇم ئابدۇللاغا قاراپ.

-- هازىرچە ئىچكى ژۇرنال سۈپىتىدە نەشىر قىلدۇرغاچ تۇرساق قانداق؟ بۇ ئاسان. ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ تەستىقىنى ئالساقلا بولىدۇ، -- دېدى ئۇ.

-- مەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يول مېڭىپ باقاي. پەقەت مۇمكىن بولمىسا، شۇنداق قىلارمىز.

مەن مەخسۇس مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئابدۇللانى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە باردىم. ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى، مەدەنىيەت نازارىتى، خەلق ھۆكۈمىتى. قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن كۆرۈشتۇق، سۆھبەتلەشتۇق. بارغانلىكى يەردە، پۈتۈن مەبلەغنىڭ مېنىڭدىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. بۇ گېپىمنى ئاڭلىغانلىكى كىشى ماڭا رەھمەت-تەشەككۇر ئېيتىشتى، لېكىن كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمىدى. ئاخىرى ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بۇ ئىشقا ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ، بۇ ھەقتە يۇقىرىغا دوكلات يازىدىغان بولدى.

بىز دوكلاتنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ خېلى كۈنلەرنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. بۇ ئارىلىقتا قىزىمنى يوقلاپ، بىرنەچچە قېتىم

بىرىپ كەلدىم ۋە ئۇنىڭ «لايىقى» ھەققىدە ئاز-راق «ئۇچۇر» غىمۇ ئىگە بولۇۋالدىم. ئەمما يىگىتنىڭ غولجىلىق ئىكەنلىكى مېنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. گۈلئەنبەر توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىمنىڭ بەختسىز ئاقىۋىتى غولجا بىلەن باغلانغان ئەمەسمۇ؟ قىزىمنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىپ، خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتىم، تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفوننى ئابدۇللا ئالدى.

-- ياخشى! ياخشى! -- ئۇ تروپكىنى قويۇپ، خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك سەكرەپ كەتتى.

-- نېمە بولدى؟

-- تەستىق كەپتۇ، تەستىق! يۈرۈڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە...!

بىز يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە باردۇق. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى شۆبە جەمئىيەتلەرگە، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرىگە «خالاستان» ژۇرنىلىغا ئەسەر ئەۋەتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرىدىغان، ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا، رادىئو-تېلېۋىزورلاردا ئېلان چىقىرىدىغان بولۇشتى.

بىز پاتمان-پاتمان شاد-ھاياجان، ئارزۇ ئارمانلارنى يۈدۈپ يۇرتقا قايتىپ كەلدۇق.

# 8

بۈگۈن قىزىمنىڭ كېلىدىغان خەۋىرى بولغاچقا، خاڭغا كىرمىگەنىدىم. ئۆيدە «خالاستان» نىڭ 7-سانىدىن هوزۇرلان-غاچ، قىزىمنى كۈتمەكتە ئىدىم.

-- دادا، مەن كەلدىم! -- قىزىم سۈبھىنۇر يېقىملىق ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. مەن ئورنۇمدىن چاچ-راپ تۇرۇپ كەتتىم. قىزىمنى چىڭ قۇچاقلاپ، پېشانىسىدىن سۆيدۈم، ئۇنىڭ باش-كۆزىنى، بۇدرە چاچلىرىنى مېھرىم بىلەن سىيلىدىم. كۆڭلۈمدە ئەمدى قىزىم بىلەن خۇددى ئۇ كىچىك چاغلىرىدىكىدەك ئايرىلماي بىللە تۇرىدىغان كۈنلەر كەلدى دەپ خۇشال بولاتتىم. چۈنكى ئۇ بۇ قېتىم مەكتەپ پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەنىدى. ئەندى مەندىن ئايرىلمايتتى. ئۇ مېنىڭ يالغۇزلۇق-تىكى بىردىن بىر ھەمراھىم، خۇشاللىقىمنىڭ مەنبىئى ئىدى.

-- دادا، سەن گۈلئەنبەر دېگەن ئايالنى تونۇمسەن؟ ئۇ سېنى تونۇيدىكەن -- دېدى قىزىم بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا.

”گۈلئەنبەر؟!“ يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ كەتتى. قايتا كۆرۈشۈشتىن قورقىدىغان، ئەمما كۆرۈشۈشكە تەشنا، مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدىغان ئاشۇ گۈلئەنبەرنى سوراۋاتامدىغاندۇ قىزىم؟

-- قايسى. قايسى گۈلئەنبەر ئۇ؟ -- مەن هودۇقۇپ

قالدىم.

-- سايىتكامىنىڭ قىزىچۇ؟

-- ھە؟! . ھە-ھە، تونۇيمەن. . . قاندلق، قەيەردە تونۇشۇپ قالدىڭ؟

-- مەن بۇ قېتىم شۇ گۇلئەنبەر ئاچام بىلەن بىللە كەلگەنىدىم. يەنە . . يەنە ئۇنىڭ ئوغلىمۇ بار. ئۇنىڭ ئوغلى. . دادا سىز بەلكىم بىلىسىز، ھېلىقى. . . سىز ئۇرۇمچىگە بارغاندا بىلىسىزغۇ؟! ساۋاقدىشىم -- قىزىم ئەركىلەپ ماڭا دومسايدى.

-- ھە-ھە، چۈشەندىم. سۆزلەۋەر، تۇققانلىرىڭ بىلەن كەلگەچكە، مەن ئالدىڭغا چىقاي دېسەم ئۇنىماپتىكەنسەندە؟ -- گەرچە چاقچاق قىلىۋاتقاندەك قىلسامۇ، ئاللىقاچان ئارامىم بۇزۇلۇپ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم.

-- . شۇ دىلشات ئارقىلىق گۇلئەنبەر ئاچام بىلەن تونۇشتۇم. ئۇ دىلشاتنىڭ ئاپىسى. ئۇلارغا غۇلجىدىن ئۇرۇمچىگە كۆچۈپ كەلگىنىگە 6-5 يىل بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بەك ئوبدان ئايال، دادا.

قىزىم گۇلئەنبەر ھەققىدە بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا-تېلېگىراف ئىدارىسىدا ئىشلەيدىكەن. بىر ئوغلى خىزمەتكە چىقىپ بولۇپتۇ. يەنە ئىككى قىزى تېخى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. ئېرى بۇندىن 7-8 يىل ئىلگىرى ياشقىنا بىر قىز بىلەن توي قىلىۋاپتۇ. ھازىر ئۇ تۇل ئىكەن. ”بىچارە، خۇددى مەندەكلا بەخت-

سىز بولۇپ قاپتۇ-دە! ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىم! . ئۆ-زۈمنىمۇ، ئۇنىمۇ بەختسىز قىلغان مەندەك پەسكەش مەخلۇقنى كىممۇ كەچۈرىدۇ؟ . " گۈلئەنبەر توغرىلىق ئاڭلىغان بۇ يېڭى خەۋەر ماڭا زادىلا ئارام بەرمىدى.

ئەنئەنىۋى ئۆرپ ئادىتىمىز بويىچە ئۇنىڭدىن ھاردۇق سو-راپ كىردىم. بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە بىر قەرنە بولاي دەپ قالغان ئىدى. كۆرۈشۈپ ھۇدۇقۇپ قېلىشتۇق. بىر-ئىككى ئې-غىز گەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالدۇق. ئۆتكەن ئىشلار تىلىمىزنى قۇلۇپلاپ قويغان ئىدى، بولۇپمۇ مېنىڭ ئىچ-ئىچىمدىن بىر خىل مۇڭ، ھەسرەت، پىغان ئۆرلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى-دىمۇ ياش لىغىرلاپ قالغان ئىدى. مەن ئۇزاق ئولتۇرمايلا قايتىپ چىقتىم.

ئۇ ھېلىمۇ شۇنداق ئوماق، چىرايلىق، جەزبى ئىدى. ئۇنى كۆرۈپلا ئىچكى دۇنيارىم ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ، ھېس-تۇيغۇ-لىرىم چىگىشلىشىپ كەتتى. گۈلخان ئاستىدىكى كۈللەرگە كۆ-مۇلۈپ ياتقان قوقاسلارنى سەھەر سەلكىنى ئاستا-ئاستا يالاپ يېلىنجىتىۋەتكەندەك، قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يو-شۇرۇنۇپ ياتقان مۇھەببەت قوقاسلىرىمنى ئۇنىڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان قاپقارا بوستان چاچلىرى پەيدا قىلغان ئىللىق شامال ئاستا-ئاستا يەلپۈپ يېلىنجىتماقتا ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى ئەكسىگە قايتىپ زور لاۋاغا ئايلىنىپ كېتەرمۇ؟

بىر كۈنى سايىتكام ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ مەندىن قىز سوراپ كىرگەن ئىكەن.

-- قىزىڭنى بالا قىلىۋالاي، دەپ كىردىم ئايپەگ، -- دېدى ئۇ، -- دىلشاتجانمۇ ئوبدان بالا بولدى..

گەرچە مۇشۇنداق كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ قويغان بولساممۇ، ئەمما سايىتكامنى كۆرۈپلا قەلبىمنى غەيرى بىر خىل ھېسسىيات چۇلغىۋالدى. توۋا، بۇ تەقدىرنىڭ ئىلتىپاتىمۇ ياكى چاقچىقىمۇ؟...

-- قىزىمنىڭ رايى قانداقكىن، ئۇنىڭ گېپىنى بىر ئاڭلاپ بېقىپ بىر نەرسە دەي، سايىتكا.

-- ئۇلار مۇھەببەتمىش، قارا.

مۇھەببەتمىش؟. . بولدى، قىزىملا مۇھەببەتكە ئېرىشىدىغان بولسا، بەرسەم بەردىم، -- قىزىمنىڭ سۆزلىرىدىن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە ئامراقلىقنى بىلىپ بولغاچقا كۆپ ئويلىنىپ تۇرمايلا سايىتكامغا ئۇچۇر بېرىۋەتتىم. ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە كۆڭلى-مەيلى بولغاندىكىن، نېمە قىلاتتىم ئېكى-مىكى دەپ؟

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە سايىتكام ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى باشلاپ ئۆيگە كىردى. تائامدىن كېيىن مەن تويلۇق سېلىشقا باشلىدىم:

-- ئاق، يېشىل، كۆك، قىزىل مەرۋايىت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقا، ئاق، يېشىل، قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقا، ياقۇت كۆزلۈك، مەرۋايىت كۆزلۈك، ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك، ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشى بىلەزۈك. ئالتۇن زەنجىر، ئالتۇن بۇلاپكا، ئالتۇن سائەت، زۇمرەت، ياقۇت

مارجـان، سونى“ ماركىلىق رەڭلىك تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، ماشىنا.

سالغان تويلۇقلىرىم ئۇلارنىڭ كۆزىنى چەكچەيتىۋەتكەن ئىدى. ”تـويـلـۇق دېـگـەنـنـى مـۇشـۇنـداق سـالـىـدىغـان!“ ئەلەم بىلەن ئويلىدىم ئىچىمدە.

-- بالام، ئايبەگ، -- دېدى سايىتكام ساقىلىنى سىيلاپ قويۇپ، -- تۈزۈك گەپ قىل. بىزنىڭ خېڭىمىز يوق سەندەك.

-- شۇنچىلىكمۇ تويلۇق سالمايمەنمۇ ئەمدى. بۇ مېنىڭ بىر تاللا قىزىم. تويىنى ئوبدانراق قىلىپ بەرمىسەم بولامدۇ؟

-- بولدى. مېنى خىجىل قىلما. چاقچىقىڭنى قويۇپ، راست گەپنى دە.

-- بۇ چاقچاق ئەمەس!

-- مەندىن ئۈچ ئالماقچى بولىۋاتامسەن، ئايبەگ؟ -- دېدى سايىتكام ئوڭايسىزلىنىپ.

-- سىلىچە، قانداق قىلسام بولار؟

-- ئىختىيار سەندە. ئۈچ ئېلىش ھەققىڭ بار. ئەمما. بۇ.

-- دۇرۇس، مەن ئۈچ ئالماقچى!

--

شۇنداق قىلىپ ئۇلار سالپىيىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيگە كىرسەم، قىزىم ئۆزىنى كارىۋاتقا دۈم تاشلاپ يۇم-يۇم يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. گۈلئەنبەرمۇ بىر چاغلاردا شۇنداق يىغلىغان بولغىيدى؟

-- نېمە يىغلايسەن؟

-- .

-- ھېچ.    ھېچنېمە! -- قىزىم بېشىنى كۆتۈردى. -- دادا، سىز ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

-- قانداق؟

-- شۇنداقمۇ تويلۇق سالامدۇ؟ ماڭا ھېچنېمە لازىم ئەمەس!

-- ھا!...ھا!. .ھا!...، -- مەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتىم، -- بۇ چاقچاق، چاقچاق قىلىپ قويدۇم.

-- بۇنداق ئىشقىمۇ چاقچاق قىلامدۇ؟ مۇنداقمۇ چاقچاق بولامدۇ؟

قىزىمنىڭ چېھرى پاللىدە ئېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېلىلا ياش تۆككەن چىرايلىق كۆزلىرى، سوئال ۋە ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى.

-- سەن ئۇقمايسەن بۇنى، چاقچاق قىلمىسام بولمايتتى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن قىزىمنىڭ تويى بولدى. تويىنى ئاددىيلا ئۆتكۈزدۇق. بەختلىك بىر جۈپ ياشقا قاراپ ئارمانلىرىم چېچەك ئاچقاندەك سۆيۈنۈپ كەتتىم. تەقدىر قىسمەتلىرى ئاجايىپ بولىدىكەن. بۇ قىسمەتلەر مېنى گۈلئەنبەر بىلەن قۇدا قىلىپ قويغانىدى.

# 9

-- گۈل، دەرياني سېغىندىڭمۇ؟
سېغىنمايچۇ! ئۆرۈمچىدىن سېغىنىپ كەلدىم شۇ.
-- ئەمىسە كەچتە دەريا بويىغا بارامسەن؟
-- ئىشىڭنى قىلغىنا ماڭ. قېرىغاندا سەتلەشمەي!
-- بارمىساڭ مەيلى، مەن بارىمەن.
كۆز شاملى شەرق ئۇپۇقىدا لەيلەپ يۈرگەن ھىلال ئايغا ھەمكارلىشىپ بولۇق چاچلىرىمنى ئاۋايلاپ تارايتتى. مەن مەخمەلدەك يېپىلغان چىملىققا ئۆزۈمنى ئوڭدا تاشلاپ نەي چالاتتىم. نېيىمنىڭ لىرىك كۈيلىرىدىن مەست بولغان يۇلتۇزلار بىر-بىرىدىن مېنى قىزغىنىشىپ بەس-بەستە ماڭا كۆز قىسىشاتتى. بىر چاغدا بىر شەپە قۇلىقىمغا كىردى. يېرىم ئۆرە بولۇپ قارىسام، كەينىمدە گۈلئەنبەر سۆگەتكە يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ قاچانلاردا كەلدىكىن؟.
ئۇ قېشىمغا كەلدى.
-- سېنى ھەقىچان كەلمەمدىكىن دېگەنىدىم.
-- ئەسلى كەلمەيتتىم.
-- نېمىشقا كەلدىڭ ئەمىسە؟
-- سېنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ.
مەن ئۆزۈمنى چىملىققا يەنە ئوڭدا تاشلىدىم-دە:
-- گۈل، سەن ماڭا بىر چاغدا؟ "مەن ھاياتكى، سەندىن

باشقا ئەرگە ھەرگىز تەگمەيمەن. قاچان پۇل تاپسالىڭ، شۇ چاغدا توي قىلىلى، مەن سىزنى ساقلايمەن“ دېگەن. مۇشۇ گېپىڭ يادىڭدا بارمۇ؟ –– دەپ سورىدىم.

–– بار.

–– ئەمىسە مېنى نېمىشقا ساقلىمىدىڭ؟ –– بۇ سوئالىمنىڭ جاۋابى ئۆزۈمگە ئايان بولسىمۇ يەنە سورىغىم كەلدى.

–– سەندەك پاھىشىۋازغا ساقلامتىم؟ ئادەمنى نومۇسقا ئۆلتۈرۈپ!.

–– مېنى كەچۈرەمسەن ئەمدى؟

–– پاك مۇھەببەتنى پايخان قىلغان سەندەك ئادەمنى قانداقمۇ كەچۈرگىلى بولىدۇ؟

–– ئەمىسە نېمىشقا قىزىمنى ئوغلۇڭغا ئەپبەردىڭ؟

–– سەن بۇنى شۇنداق چۈشەندىڭمۇ؟

–– ئۇقمايمەن.

بۇ ئىككىسى باشقا-باشقا گەپتۇ؟ مەن ئوغلۇمنىڭ ماڭا ئوخشاش بەختسىز بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن. ئېيتە، ئايبەگ. سەن مۇھەببەتتىكە شۇنداق سادىق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا زۇلخۇمار بىلەن پاھىشىۋازلىق قىلدىڭ؟

–– نېمىشقا...؟

–– سەندىن سوراۋاتىمەن.

مەن بىردەم جىم تۇرىۋېلىپ:

–– ئاڭلاشنى خالامسەن؟ –– دەپ سورىدىم.

–– خالايمەن، ئەلبەتتە. بۇنى بەكلا ئۇققۇم بار.

مەن قولۇمنى گىرەلەشتۇرۇپ گەدىنىمگە قويدۇم-دە، كۆككە تىكىلگىنىمچە سۆزلەشكە باشلىدىم: - - . دوختۇر-لار: ”يا يەنە پۇل تۆلە، يا ئاناڭنى ئەكەت“ دەپ سۇيلىگىلى تۇردى. كەنتكە كەلدىم. پۇل سوراپ يالۋۇرمىغان كادىر، قول سونمىغان ئادەم قالمىدى. مەندەك قول-ئىلكىدە يوق يېتىمەككە ھېچكىم پۇل ئۆتنە بەرمەيدىكەن. ئاخىرى يەنە زۇلخۇمارنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم.

- - ئەمىسە بىر شەرتىم بار، كۆنەمسەن؟ —— دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ شەرتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. شۇڭا ئويلىنىپ تۇرمايلا تۇزۇپ قويغان پىلانىم بويىچە جاۋاب بەردىم:

——ئانام ئۈچۈن ئون شەرتىڭ بولسىمۇ كۆنەي! —— دېدىم.

—— ئەمىسە ئەتە كەچتە ئۆيۈمگە كېلىسەن، قانداق؟ —— دېدى ئۇ، يوغان كۆزىنى سىرلىق قىسىپ.

—— كەلسەم كېلەي.

- - كەلسەم كېلەي ئەمەس، چوقۇم دە!

—— راست گەپ! ئەمما پۇلنى ھازىر بەر.

—— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. ئەتە سەن كەلگەندە بېرە-مەن.

مەن پىلانىمنىڭ چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق دې-دىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ھەتتا ئەيساجان يوق چاغدا مېنى ئۆيگە كەل دەيدىغانلىقىنىمۇ ئالدىن

مۆلچەرلىگەنىدىم.

مەن كۆڭلۈم دەككە-دۈككىدە بىر كۈننى ئۆتكۈزدۈم. ئەتىسى ئەتىگەندە مەن ئانامنىڭ بېشىدا ئولتۇرسام، سەن ئانامنى يوقلاپ كەلدىڭ. كۆزلىرىڭ ماڭا ئۈمىد، ئىشەنچ بەخش ئەتتى. دىل يارام تەسكىن تاپقاندەك بولدى. سەنمۇ قېچىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىدىڭ. چۈنكى داداڭنى ”ئۆلۈۋالىمەن“ دەپ قورقۇتۇپ كېلىۋاتاتتىڭ. بۇندىن كېيىنمۇ قورقۇتالايتتىڭ. مەن ساڭا چەكسىز ئىشىنەتتىم. شۇڭا مەن ئانامنى يالغۇز تاشلاپ قېچىش نىيىتىمدىن يالتايغان ئىدىم. ئانامنىڭ بۇ جاھاندا مەندىن باشقا نېمىسى بار؟ ئۇ پەقەت مەن ئۈچۈنلا ياشاپ كېلىۋاتقان پەرىشتە ئەمەسمۇ؟

لېكىن سەندىنمۇ رىشتىمنى ئۈزەلمەيتتىم. شۇڭا مەن بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلماقچى بولدۇم. ئۆز بەختىمنى كۈرەش ئارقىلىق تاپماقچى بولدۇم (كۈرەشسىز بەخت يارالمايدۇ-دە!)

كۈرەشنىڭ يوللىرى خىلمۇخىل بولىدۇ. ئوغرىلىق قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ مېنىڭچە بىر خىل كۈرەش. مەن ئىلاجىسىز شۇ كۈرەش يولىنى تاللىۋالغانىدىم. بۇ بىر خەتەرلىك كۈرەش يولى — تەۋەككۈلچىلىك ئىدى. بۇ تەۋەككۈلچىلىكنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپمۇ ئولتۇرمىدىم، ئويلاشنىمۇ خالىمايتتىم. پەقەت ۋە پەقەت ئانام ۋە سېنىلا ئويلايتتىم. ھاياتبەخش ئەتكۈچى شەھلا كۆزۈڭنى، ھاياتى كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان لاتاپەتلىك، جەزبىدار گۈل قامىتىڭنى، ياۋا گۈللەر قورشاۋىدىكى بۇلاقنىڭ شىۋىرلاشلىرىنى ئەسلىتىدىغان يېقىملىق سۆزلىرىڭنى ئويلايتتىم.

شۇنداق، مەن زۇلخۇمارنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىقچە كىرمەكچى بولدۇم، چۈنكى مەن ئۇنىڭ رەخ-پەخ، پۇل-ماللىرىنىڭ قەيەردىلىكىنى خېلى ئېنىق بىلىۋالغانىدىم. ئۇنىڭدا ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشىنەتتىم. ئۆتكەندە ئاغزىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەتكەن گەپمۇ بۇنى ئىسپاتلىغانىدى. شۇ چاغدا كۆرگەن كىچىككىنە پولات ساندۇق مېنى ھەرخىل ئويلارغا سېلىۋاتاتتى. پىلانىم ئەتە كېچە ئىدى. چۈنكى زۇلخۇمارنىڭ ئېيتىشىچە ئەيسا غوپۇر ئاھىيىدىكى بىر يىغىنغا چاقىرتىلغان بولۇپ، ئەتە ئۆيدە بولمايتتى. زۇلخۇمار بۇ نىيىتىمدىن بىخەۋەر ئىدى. شۇڭا ئۇ بۆرىنى قوتانغا باشلىماق بولىۋاتاتتى. رەزىل بىر ئىش ئۈچۈن سوقۇۋاتقان يۈرىكىمنى قۇچاقلىماق بولىۋاتاتتى. ماڭا ھازىر پۇل لازىمغۇ؟ سۆيۈش ئۈچۈنمۇ، سۆيۈلۈش ئۈچۈنمۇ پۇل بەدەل بېرىدىغان بۇ رەزىل جەمئىيەتتە پۇلسىز قانداقمۇ بەختكە ئېرىشكىلى بولسۇن؟

شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى ئەل ياتقۇ مەزگىلىدە زۇلخۇمارنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. ئۇ مېنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. مەن پەقەت، ئۇنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرگەندىن كېيىنلا، ئۆزەمنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىمنىڭ قانچىلىك مۈشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئاھ، ئەمدى قانداق قىلارمەن. ئۆز غۇرۇرۇمغا ئۆزۈم قۇم چاينىتارمەنمۇ؟ پاك سۆيگۈ-مۇھەببىتىمنى ئۆزۈم دەپسەندە قىلارمەنمۇ؟ ئۆز ساداقىتىمنى ئۆزۈم قەتلى قىلارمەنمۇ؟. زۇلخۇمارنىڭ چېيىنى ئىچىپ ئولتۇرۇپ، شۇلارنى ئويلايتتىم. ئويلىغانسېرى بىئارام

بولاتتىم. تۆمۈر ساندۇققا پات-پات كۆز تاشلاپ قوياتتىم، ئۇنى قانداق ئېچىشنى، ئىچىدىن نېمىلەرنى ئېلىشنى ئويلايتتىم. . . ئۇنىڭ ئىچى قۇرۇق بولسىچۇ؟ مۇمكىن ئەمەس! زۇلخۇمار تۆيۈپ قالسىچۇ؟ ئۇ ھەرگىز داۋراڭ سالالمايدۇ. .

ئۆزەمگە مۇشۇنداق تەسەللى بېرەتتىم. زۇلخۇمارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى، نېمە قىلىۋاتقانلىقى كۆزۈمگە كۆرۈنمەيتتى. بىر چاغدا ئۇ قولۇمدىن تۇتۇپ يان ئۆيگە ئېپچىقتى. يائاللا! كۆزلىرىم راسلانغان ئورۇن-كۆرپىلەرگە چۈشۈشى بىلەنلا غالىلداپ تىترەپ كەتتىم-دە، ئارقامغا ياندىم، مۇشۇ تۇرقۇم، ھەممە نېمىنى تاشلاپلا قېچىپ كەتمەكچى بولغاندىم. بىراق، زۇلخۇمار مەندىن چاققان كەلدى ۋە مېنى تارتقۇچلاپ، كۆرپىگە ئولتۇرغۇزدى-دە، يۈز-كۆزۈمنى سىيلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم، كاللام قالايمىقانلىشىپ، ئاللىقاچان چېچىلىپ كەتكەن پىكىرلىرىمنى يىغالماي، چەكسىز ۋەھىمە ئىچىگە چۆكۈپلا كەتتىم. مەن قانداق ئىرادە بىلەن كەلگەن ئىدىم-ھە! چىداي، يەنە ئازىراقلا چىدىسام، ئۇ ئۇخلاپ قالىدۇ، شۇ چاغدا دەرھال ھەرىكەت قىلىمەن. ئۇنى قانداق قىلىپ تېزرەك ئۇخلىتىپ قويغىلى بولار؟ ئاخىرى مەن كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمدۇمدە، ئۆزەمنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردۇم. . . ئۇ ئايىغىمنى سالدۇردى، چاپىنىمنى سالدۇردى. . . دەل شۇ چاغدا بىز تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكى قاتتىق ئۇرۇلدى، ھەر ئىككىلىمىز قورققىنىمىزدىن چاچىراپ تۇرۇپ كەتتۇق. .

ئەيسا غوپور مېنى تۇۋرۇككە مەھكەم چىرمىۋەتكەندى. قاتتىق شاپىلاقتىن ئاغزى-بۇرنى قانغا مىلەنگەن زۇلخۇمار، خىرتىلداپ يىغلىغىنىچە گۇناھنى ماڭا ئارتىپ، بىر ياندا تۇراتتى.

-- سېنى ئۆلتۈرسەم، ھۆكۈمەت مېنىمۇ بوش قويمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ساڭا ئۇنتۇلغۇسىز بىر ئەن سەپقويمىسام! -- ئەيسا غوپۇر غەزەپتىن قانغا تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بۇرنۇمدىن تولغاپ تۇتتى-دە، پىچاقنى چىقاردى.

ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلەتتى. . . سەن كۆز ئالدىمدا ئۇچۇپ يۈرەتتىڭ. ساڭا بۇرۇنسىز قاراش -- ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئەمەسمۇ! ؟

-- مەن. . . مەن خوش بولۇپ كېتەي، بۇرنۇمنى كېسىۋەتكۈچە، ئۆلتۈرۈۋەتسىلە! مەن سىلىدىن رازى، ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى! -- دەپ يالۋۇردۇم، بۇ ئىزاغا قالغۇچە ئۆلگىنىم مىڭ ئەلا ئەمەسمۇ؟

-- ئۆلتۈرۈۋەتسىلە؟ ھىم! -- ئۇ بۇرنۇمنى سوزدى، -- نېمە دەيدۇ ما ئىتنىڭ بالىسى!

زۇلخۇمارمۇ يالۋۇرغىلى تۇردى. ئەيسا غوپۇر بۇرنۇمنى يۇلۇۋالغۇدەك غەزەپ بىلەن سىلكىپ قويۇپ بەردى-دە، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنىچە تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىدىمۇ، ياكى ئۆز نامىنى، خوتۇنىنى ئويلىدىمۇ، ئىشقىلىپ، پىلانىنى ئۆزگەرتكەندى. ئۇ بىر كەكىنى ئېلىپ كىردى-دە، پۇتۇمنى كۆتەك-كە دەسسەتتى. كۆزۈمنى

ى چېنىڭ يۈمىدۇم. ”گاچچىدە“ قويۇۋېدى، دەھشەتلىك
چىرقىرىۋەتتىم. . . بۇ رەسۋاچىلىقتىن ئىشىك ئالدىغىمۇ چى-
قالمىدىم. بىر ھەپتىدىن كېيىن تويۇڭ بولدى. يۈرىكىم ئۈز-
سىز يىغلىدى، تولغاندى، يۇلقۇندى. بارمىقىم كېسىلگەندىمۇ
بۇنچىلىك ئازابلانمىغانىدىم.

مەن سەندىن ئەنە شۇنداق ئايرىلىپ قالدىم. بىر ئايدىن
كېيىن ئانامدىنمۇ ئايرىلدىم. ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ نازۇك،
ئەڭ مەسۇم ھېسسىياتلىرىمدىن ئايرىلدىم. قەلب دۇنيارىمنىڭ
نۇرلۇق ماھىدىن، يۈرەك لەشكەرلىرىمنىڭ، نېرۋا-ھۆججەيرى-
لىرىمنىڭ كەرمىلىك شاھىدىن ئايرىلدىم! بۇ دۇنيادا زادى مې-
نىڭ نېمەم قالسۇن؟ زۇلمەت ئىلكىدە قالغان چۆل-جەزىرە
قەلبىممۇ؟، ياكى روھسىز تېنىممۇ؟

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ دەريا لېۋىگە كەلدىم-دە، كەھرىۋا-
دەك سۇزۇك ياشلىرىمنى ئانا دەريانىڭ باش-ئۈستىگە نىسار قىل-
دىم. گۈلئەنبەرمۇ ئاستا يېنىمغا كەلدى. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم.
ئۇنىڭ تال-تال كىرپىكلىرىدە سانسىز بىرلىيانتلار ئېسىلىپ
قالغان ئىدى.

—— ئايبەگ، قارىغىنا.

—— نېمىگە؟

—— ئايغا.

بىز ئايغا تىكىلىشتۇق. ئاي بىلەن ئۈپۈق سۆيۈشۈپ تۇرات-
تى. بۇنى كۆرۈپ قەلبىم بىر خىل تاتلىق تۇيغۇغا يۆگىنىپ
ئەللەيلەندى. مەن نېيىمنى لېۋىمگە ياقتىم. ئۇنىڭدىن ئوخ-

چۈپ-ئوخچۈپ چىقىۋاتقان كۈي —— ”ئۈينالڭ، دەردى بار باللا“
يۈلتۈزلارنىڭ قات-قات بەرگىلىرىگە تاڭ شەبنەملىرىدەك قونۇپ
ئۇلارنى مەستخۇش قىلدى. زېمىن، زېمىندىكى ھەممە-ھەممە
مەستخۇشلانغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە گۈلئەنبەرمۇ بار ئىدى،
ئەلبەتتە. شۇڭا ئۇ نېيىمنى لېۋىمدىن ئاجرىتىشىمغىلا باغرىمغا
ئىختىيارسىز تاشلاندى. مەن ئۇنى باغرىمغا چىڭ باستىم. 26
يىل بۇرۇن قانداق مۇھەببەت بىلەن باسقان بولسام، ھازىرمۇ
يەنە شۇنداق ئوتلۇق مېھرى-مۇھەببىتىم، غۇبارسىز ھېسسىياتىم
بىلەن باستىم. شۇ تاپتا ئۇ باغرىمغا سۇدەك سىڭىپ كېتىۋاتات-
تى. تەشنا لەۋلىرىمىز بايىقى مەن چالغان سېھىرلىك كۈينى
تەكرارلاۋاتاتتى. ئانا دەريامۇ بۇ ھاياتبەخش كۈيلىرىمىزنى يى-
راق-يىراقلارغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

شۇ كۈندىن كېيىن مېنىڭ بەختلىك كۈنلىرىم باشلى-
نىپ كەتتى. چۈنكى مەن قۇدام بىلەن توي قىلىۋالغانىدىم.

1992-يىل، ئۆكتەبر، قاغىلىق.

# ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

قاسىمجاننىڭ بۇ گۇڭشې ئاشلىق پونكىتىدا سېتىۋېلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا بەش يىلدىن ئاشتى. قاسىمجان ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، 25 ياشلاردىكى يىگىت ئەگەر ئۇ، ئاشلىقىڭىزنى سېتىۋالىدىغان چاغدا: "ئاشلىقىڭىز ئەخلەت"، "ھۆل" ياكى "دەرىجىسى ئۈچىنچى دېدىمۇ، بولدى. ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنمەي چارىڭىز يوق. مانا ھازىرمۇ ئاشۇ مىجەزى تۇتۇپ، سايىمكام بىلەن گەپ تالىشىپ قالدى:

—— ئادەمنى نېمانداق خىجالەت قىلىدىغانلا؟ —— دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، —— بۇغدايلىرى چىرايلىق كۆرۈنگەن بىلەن، ئارىسىدىكى ئاپىخانىغا قارىمامىلا!

—— ئۇكام، ئىككى قېتىم شامال ساندۇقىغا سالدىم، ئازچە-مۇنچە ئاپىخان ئارىلىشىپ قالسىمۇ قالغاندۇ، ھېچ بولمىغاندا ئىككىنچى دەرىجىگە ئالسىڭىز. .

——پىرىنسىپ ھەممە ئادەمگە ئوخشاش تۇرسا، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئاياپ، بۇغدايلىرىنى ئىككىنچى دەرىجىگە ئالغىنىم بىلەن، ھۆكۈمەتكە نېمە دەپ جاۋاب قىلىمەن؟

——ئۇكام، —— دېدى سايىمكام يىلىنىپ —— ئەمىسە تۆت يۈز جىڭنى ئىككىنچىگە، تۆت يۈز جىڭنى ئۈچىنچىگە ئېلىڭ.

—— ياق، —— دېدى قاسىمجان كېسىپ، —— ساتسىلا ئۈچىنچى، ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمىسىلە، باشقا پونكىتلارغا ئاپىرىپ

باقسىلا بولىدۇ. –– قاسىمجان تاغارلىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ تەكشۈرۈپ، تالۇن يېزىپ بېرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان دېھقانلارنى بېشى بىلەن ئىما قىلغاچ قوشۇپ قويدى، –– مۇنداق كۆزۈمگە كىرىۋېلىۋەرسىلە، قالغانلارنىڭ بۇغدايلىرىنى قاچان كۆرۈمەن؟ !

ئۇ گېپىنى تۈگۈتۈپلا، يەنە بىر دېھقاننىڭ تاغىرىغا قول سالدى. ئۇنىڭ گەپ چىشلىمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سايىمكام نائىلاج ماقۇل بولدى. . .

سايىمكام بوغدايلىرىنى جىڭلاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، پۇلنى تاپشۇرىۋالدى. لېكىن شۇ ھامان كۆڭلىگە يېڭى ئەندىشە چۈشتى. چۈنكى ئۇ يەنە بىر مىڭ 200 جىڭ بۇغداي ساتاتتى. ئۇ، ئاشلىق ساتقۇچىلارنى ئاريلاپ قايتىپ كېتىۋېتىپ، بەزىلەرنىڭ ساتقان بۇغدىيى ئۆزىنىڭكىدىن خېلىلا ئوسال بولسىمۇ، دەرىجىسى يۇقىرى بولغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. شۇنداقلا بەزىلەرنىڭ قاسىمجاننىڭ قولىقىغا: ”ئازغىنە بىر نەرسە. “ دەپ پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ھەتتا بۇ ”ئازغىنە بىر نەرسە“ لەرنىڭ قاسىمجاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈپ ئۈلگۈردى.

سايىمكام كۆڭلىگە بىر نەرسىنى پۈكتى-دە، گويا ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك، خۇشال-خۇرام ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن سايىمكام ئاشلىق پونكىتىدا

يەنە پەيدا بولدى. ئۇ بىر يېرىم سائەت ئەگىشىپ يۈرۈپ، قاسىمجاننى ئاران تەسلىكتە بۇغدايلىرى قېشىغا ئەپكەلدى. ئۇنىڭ بۇغدايلىرى شۇنداق پاكىزە ئىدىكى، 1-دەرىجىگە ئېلىنغان ھەر قانداق بۇغدايدىن ئۈستۈن تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆتكەنكى ئۇسالچىلىقنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن، ئىككى كۈنلۈك ۋاقتىنى بۇغداي ئادالاشقا بەرگەن ئىدى. بىراق قاسىمجان ھەممە تاغارلارغا قولىنى تىقىپ كۆرۈپ باققاندىن كېيىن، بىر كاپام بۇغداينى ئاغزىغا سېلىپ چايناپ كۆردى-دە:

-- بۇغدايلىرى بىر ئاز ھۆل، ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتسىلا!

-- دەپلا كەينىگە بۇرۇلدى.

-- ئۇكام، -- دېدى سايىمكام ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، ئاستا پىچىرلاپ، -- ئۆزىڭىزگە ئازراق بىر نەرسە ئالغاچ كەپتىم.

قاسىمجان قەدىمىنى توختىتىپ، سايىمكامنىڭ قولىدىكى خالتىغا لىپپىدە بىر قارىۋالدى-دە، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

-- بۇمۇ لازىم ئەمەستى، -- دېدى قاسىمجان مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ. ئاندىن كۆزى بىلەن ئۆيى تەرەپنى ئىما قىلدى، -- خاپا بولماي، ئۇنى ھويلىغا ئەكىرىپ قويۇپ چىقسىلا، ھويلىدا بالىلار بار.

سايىمكام ئۇنىڭ ھويلىسىدىن قايتىپ چىققاندا، قاسىمجان ئەۋەلقىدەكلا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

-- مانا، ھەممىسى بىرىنچى دەرىجىدە ئۆتۈپ كەتتى، -- قاسىمجان بۇيۇم تالونىنى سايىمكامغا بەردى-دە، كىشىلەر ئارد-

سىغا كىرىپ كەتتى. . .

* * *

قاسىمجان ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋېلىش ئۈچۈن هويلىغا كىر-
گەندە، ئۆي ساقلاۋاتقان 5-6 ياشلاردىكى ئىككى بالىسى پېشاي-
ۋاننىڭ سۇپىسىغا قويۇلغان خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇ-
ۋاتاتتى. قاسىمجان باياتىن سايىمكامنىڭ خالتا ئەكىرىپ كەتكى-
نىنى ئېسىگە ئېلىپ دەرهال خالتىنىڭ ئاغزىنى يەشتى. يەش-
تى-يۇ، هاڭ-تاڭ قالغىنىدىن قېتىپلا قالدى. چۈنكى خالتىغا
لىق تاشكۆمۈر داشقىلى قاچىلانغان ئىدى.

دەل شۇ چاغدا، سايىمكام بىر سىقىم پۇلنى تۇتقىنىچە،
پونكىت باشلىقىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

1984-يىلى، ئاۋغۇست، قاغىلىق.

# پوچتىخانىدا

غازى بۈگۈن ئادىتى بويىچە يەنە يېزىلىق پوچتىخانىدا پەيدا بولدى-دە، تېخى رەتلىنىشكە ئۈلگۈرمىگەن گېزىتلەرنىڭ ئەدەبىيات بېتىنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ چىقتى. ژۇرناللارنىڭ مۇندەرىجىسىنى كۆرۈپمۇ ئۈلگۈردى تېخى! غازىنىڭ بۇ قىلىقىدىن تولا بىزار بولغان پوچتاخادىمى ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى.

-- غازى، سىزگە بىر كونۋېرت باركەن، -- دېدى پوچتا خادىمى. غازى چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، كونۋېرتنى قولىغا ئالدى. قايسى بىر تەھرىر بۆلۈمىدىن كەلگەن بۇ خەت، ئۆز ئەسىرىنى گېزىتتىن كۆرەلمەي ”لاسىدە“بولۇپ قالغان غازىنى قەۋەتلا شاتلاندۇرىۋەتتى. غازى شېرىن خىيال بىلەن كونۋېرتنى ئاچتى-يۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر قولىدا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىنچى يىللىقى ئۈچۈن چىقىرىلغان «ئېلىپبە» كىتابى، يەنە بىر قولىدا «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» تۇراتتى.

1986-يىلى، ئاپرېل، قاغىلىق.

# ئورۇن بوشىتىش

## 1

ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىغا:

مەن 1950-يىلى شەرەپ بىلەن مائارىپ قوشۇنىغا كىرگەن. ھازىر يېشىم ئاتمىشقا يېقىنلاشتى. ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئىككىنچى سەپكە چېكىنىپ، دەم ئېلىشقا چىققۇچە بولغان مۇشۇ ئازغىنە ۋاقتىمنى دەرس مۇنبىرىدە ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزەي دەۋاتىمەن.

ئورنۇمغا يىللاردىن بېرى ئۆزۈم تەربىيىلەپ كەلگەن ساۋۇت نۇرنى كۆرسىتىمەن. ئۇ ئوتتۇز ئىككى ياش، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. كەسپكە پىششىق، خىزمەتتە دادىل، پىرىنسىپچانلىقى كۈچلۈك. . ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ ئويلىشىپ كۆرۈپ، ئىلتىماسىمنى تەستىقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: گۈلباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى: خېلىل جېلىل.

1986-يىلى 3-ئاينىڭ 5-كۈنى

## 2

گۈلباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە:

پېشقەدەم مەكتەپ مۇدىرى خېلىل جېلىلنىڭ ئىككىنچى سەپكە چېكىنىپ، بىر مەزگىل دەرسخانىدا بولۇش توغرىسىدا يازغان ئىلتىماسىنى تەستىقلاپ، مۇدىرلىققا ساۋۇت نۇرنى بېكىتتۇق. ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان ئىجرا قىلىشىڭىزلارنى ئۇمىد قىلىمىز.

×× ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتكومى.

1986-يىلى 10-ئاينىڭ 12-كۈنى.

## 3

ھۆرمەتلىك خېلىل جېلىل:

سىزنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىككىنچى سەپكە چېكىنىپ، ياشلارغا ئورۇن بوشاتقانلىقىڭىز ئاجايىپ ئالىيجاناب ئىش لېكىن، ئورۇن بوشاتقانلىقىڭىزغا بىر ئاي بولاي دەپ قالدى. بىر ئىشقا كەلگەندە بەكمۇ ئېغىر لىق قىلىۋاتىسىز. يۈز تۇرانە دېيىشكە يۈزىمىز چىدىماي، خەت ئارقىلىق سەمىڭىزگە سېلىپ قويۇشنى لايىق تاپتۇق. ھازىر ئولتۇرىۋاتقان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىڭىزنى ئۆز پەزىلىتىڭىزنى يەنە بىر جارى قىلدۇرۇپ، ”قائىدە“بويىچە ساۋۇت نۇرغا بوشىتىپ بېرىپ، ئەتىلا ئۇنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىگە كۆچۈشىڭىزنى ئۈقتۇرىمىز.

مەكتەپ خوجۇلۇق بۆلۈمى

1986-يىلى، 11-ئاينىڭ 9-كۈنى.

1987-يىلى، ئىيۇن، قاغىلىق.

# ۋىسال قۇچقان مۇھەببەت

ھەشەمەتسىز، ئەمما، ئاجايىپ شاد-خۇراملىق ئىچىدە ئۆت-كەن، ھەممىنى ھەيرانۇ-ھەس قالدۇرۇپ، تالاي قەلبلەر تۆرىدە ئاجايىپ تەسىرات ئابىدىلىرىنى تۇرغۇزغان بۇ توي -- ئۇرۇمچى-دىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاشقورغانغا ئالمىشىپ كەلگەن گۈل-جەمىلە بىلەن «پامىردىكى قار لەيلىسى» باتالىئون كومىسسارى شەمشىدىنىنىڭ تويى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ئوتلۇق، ساپ، سۆيگۈ-مۇھەببىتى شەمشىدىن 47 ياشقا، گۈلجەمىلە 45 ياشقا كىرگەندە ئاندىن ۋىسال قۇچتى. 27 يىل نەقەدەر ئۇزۇن ۋا-قىت-ھە! بۇ، بىر بوۋاق تۇغۇلۇپ، ئۇ چوڭ بولۇپ يەنە بىر بوۋاقلىق بولۇپ، شۇ بوۋاق مەكتەپ بوسۇغىسىغا پۇت قويىدۇ، دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟

مېھمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، شەمشىدىن بىلەن گۈلجەمىلە لۆم-لۆم كارىۋاتتا يانمۇيان ئولتۇرۇشتى. تويماي بېقىشقان ئوتلۇق كۆزلەردە، قورۇق باسقان نۇرلۇق يۈزلەردە بەخت تەبەسسۇمى جىلۋە قىلاتتى. تەشنا لەۋلەر ھەربىر جۇپلەش-كەندە چاڭقاق يۈرەكلەر سۆيگۈ شارابىغا قېنىپ شۇنداق ياير‌ايت-تى، شۇنداق مەستخۇش بولاتتى.

قاتتىق ھاياجاندىن بولسا كېرەك، شۇ تاپتا ھەر ئىككىسى-نىڭ تىلى گەپكە كەلمەيۋاتاتتى. گۈلجەمىلە بېشىنى شەمشىدى-نىڭ سۆيگۈ لەززىتىدىن مەست بولغان يۈرىكى ئۈستىگە قويۇپ

ئىختىيارسىز خىيالغا كەتتى.

* * *

قىش، تۇمانلىق سەھەر. ھىندىستان ئەكسپېدىتسىيەچىلىرىگە قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭى جىددىي تۈس ئالغان. قىيا-چىيا، گۇمۇرلەشلەر زىمىستان قىشىنىڭ ئاچچىق شىۋىرغانلىرى بىلەن گىرەلىشىپ قارا قۇرۇم تاغ باغرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، تاجاۋۇزچىلار بارغانسېرى غالجىرلىشىپ ئارمىيىمىزگە تەرەپ-تەرەپتىن خىرىس قىلماقتا.

ئارمىيىمىز مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىۋاتقاچقا، دۈشمەننىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن ھايات قالغان جەڭچىلەرگە ئولڭ تەرەپ-تىكى تاغ باغرىغا چېكىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى.

گۈلجەمىلە بىلەن پەخرىنىسا ئېغىر يارىلانغان لېيەنجاڭنى نوسۇلكىغا سېلىپ تېز چېكىنىۋاتاتتى. ئارقىسىدىن بىرمۇنچە دۈشمەنلەر قوغلاپ كېلىپ ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. تۇساتتىن دۈشمەننىڭ بىر تال ئوقى گۈلجەمىلەنىڭ پۇتىغا قادىلىپ، ئۇنى ئىزىغىلا يىقىتتى.

گۈلجەمىلە، دوستۇم! —— پەخرىنىسا نوسۇلكىنى قويۇپ گۈلجەمىلە تەرەپكە مېڭىۋىدى، گۈلجەمىلە:

—— پەخرىنىسا، لېيەنجاڭنى تېز ئېلىپ كەت

——، دېدى.

—— ئۇنداقتا سەنچۇ؟

-- مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، بول دەيمەن!
-- ياق، سەن.
-- مەن ساڭا بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن، پەخىرنىسا!

پەخىرنىسا كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى-دە، ليەنجاڭنى يۆدۈپ دەلدەڭشىگىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى.

شىۋىرغان كۆزنى ئاچقۇزمايتتى. ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلاپ قارلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئادەمنىڭ يۈزىگە قەھرى بىلەن ئۇراتتى. گۈلجەمىلە ئاپئاق قار ئۈستىگە قىزىل قېنى بىلەن زىننەت بېرىپ ئۆمىلەپ چېكىنمەكتە ئىدى. ئۇ، قارنى مەھكەم قاماللاپ، لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئىلگىرىلەيتتى. ئوق ئۈزۈلمەي ئېتىلىپ تۇراتتى. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر باياتىن كۆرۈنگەن دۈشمەنلەر تېخىچە يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. ئۇلار كىملەر بىلەن ئېتىشىۋاتىدىكىن؟ ئوق ئاۋازى يېقىنلاپ كەلمەكتە، ھالسىزلىنىپ، ئۆمىلىگۈدەك ماجالى قالمىغان گۈلجەمىلەگە ھالاكەت قۇچاق ئاچماقتا ئىدى

-- تېز، تېز ھاپاش بولۇڭ!

گۈلجەمىلە چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا بوي، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى قوي كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق ھەم بىر خىل شجائەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر يىگىت تۇراتتى. گۈلجەمىلە دۈشمەنلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئارقىسىدىن يېتىپ كېلەلمىگەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندى. ئۇمىد شامى "ۋاللىدە" يورۇپ، دىلى چەكسىز سۆيۈنۈشكە تولغان گۈلجەمىلە چوكلىنىپ ئولتۇرغان يىگىتكە

ئامالسىزدىن ھاپاش بولدى.

—— ئىسمىڭىز نېمە؟ —— سورىدى گۈلجەمىلە يىگىتتىن

—— شەمشىدىن، سىزنىڭچۇ؟

—— گۈلجەمىلە.

بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلىشىشكە ئىمكان بولمىدى. چۈنكى، قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە ئاپتوماتتىن ئوق ئۈزۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىۋاتاتتى... شەمشىدىن غەزەپ بىلەن ئوق ئۈزەتتى، يەنە يۈگۈرەيتتى. گاھىدا گۈلجەمىلە بىلەن بىللە دومىلىنىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا گۈلجەمىلە شەمشىدىنگە مەھكەم چاپلىشىۋالاتتى. شەمشىدىن بولسا خۇددى بىر تاغار پاختىنى يۈدۈۋالغان ئادەمدەك چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇراتتى-دە، يەنە ئوق ئۈزەتتى، يەنە يۈگۈرەيتتى. گۈلجەمىلەنىڭ يۈزى شەمشىدىنىڭ ئىسلاشقان، ئەمما، چوغدەك يۈزىگە سۈركىلىپ تۇراتتى. شەمشىدىنىنىڭ ھەر بىر ئوتلۇق نەپىسى گۈلجەمىلەگە ئىنتايىن تاتلىق سېزىم بېغىشلايتتى. شۇندىن تارتىپ گۈلجەمىلەنىڭ يۈرىكىدە يانغان ئىشىق يالقۇنى ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرىدىغان، شەمشىدىنىنى سېغىندۇرىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ھەر بىر ئۇچراشقاندا يۈرىكىدىكى ئوتلۇق ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىدىن تىلى گەپكە كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئاز ئۆتمەي شەمشىدىن بىلەن قاراقۇرۇم تاغ باغرىدىكى تەبىئى ماھۇق كۆرپىلەر ئۈستىگە تاشلىنىپ مۇھەببەت سىرلىرىنى ئىزھار قىلىشقا، ئەھدۇ-پەيمان، قەسەميادلارنى قىلىشىپ، تۇرمۇش، گۈزەل كېلىچەك ھەققىدە پاراڭ-

لىششقا كەڭرى ئىمكانلار تېپىلدى. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي گۇلجەمىلە شەمشىدىندىن ئايرىلىپ قېلىپ، يىراق ئۆتىدا پۇچۇ-لىنىشقا باشلىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا بەكمۇ هار كەلدى. شەمشى-دىن بىر قېتىملىق زور كۆلەملەك جەڭدە ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. ئۇ ياردار بولۇپ ئازاد رايوندىكى دوختۇرخانىلارغا ئې-لىپ كېتىلگەنمىدۇ ياكى قۇربان بولۇپ كۇرەش قەهرىمانى ئىسمايىل مەمەت دەپنە قىلىنغان قەهرىمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغانمىدۇ ۋە ياكى دۈشمەن قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟

"سۈرۈشتە قىلىمەن، قۇمدىن زەر ئىزدىگەندەك ئىزدەپ چوقۇم تاپىمەن" دەپ ئويلايتتى گۇلجەمىلە. بىراق، جىددىي ئۇرۇش شارائىتىدا بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟

ئۇ بەكمۇ تىت-تىت بولاتتى. ئىزتىراپ ئىچىدە تېپىرلايت-تى. سېغىنىش يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ ئازابلايتتى. ئۇ، بۇ ئازاب-لاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ تاجاۋۇزچىلار بىلەن پۇخادىن چىققۇدەك ئېلىشىپ، شۇ جەرياندا قۇربان بولۇپ كېتىشكىمۇ رازى ئىدى.

تاجاۋۇزچىلار شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولۇپ، جەڭ غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشتى، قىسىملار قايتا تەرتىپكە سېلىنىپ، گۇلجە-مىلە ئۇرۇمچى ھەربىي رايون دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلىندى.

ئۇنىڭ يېشى ئۇلغايدى. قېرىشقا باشلىدى. شۇنىڭغا ئەگە-شىپ مۇھەببىتىمۇ ئۇلغايدى. تېخىمۇ ۋايىغا يەتتى. فرونتتا بارلىققا كەلگەن مۇھەببەت شۇنداق تاتلىق، چىرىمەس ھەم قېرد-

ماس بولامدىكىن؟ كۆپ نەرسىلەر ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. لېكىن شەمشىدىنىنىڭ پاك مۇھەببىتى ئۇنىڭ قەلبىگە نەقىش بولۇپ چېكىلىپ كەتكەچكە، ئاۋۋالقىدەك قايناق، غۇبارسىز پېتى ساقلىنىپ قېلىۋەردى.

تالاي يىللار گۈلجەمىلەنىڭ يۈرىكىنى ھىجران پىچاقلىرىدا تىلىپ ئازابلاش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ يىللار ئىچىدە، بولۇپمۇ ھېلىقى قالايمىقانچىلىق يىللاردا قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ، ئەمەلدار، ھەتتا چەتئەللىك مىليونىر. . . لارنىڭمۇ تەلەپلىرى رەت قىلىندى. شۇ تۈپەيلىدىن ئۇ "ئەكسىلئىنقىلابى تەشكىلاتقا قاتناشقان" دېگەن بەتنام بىلەن تۆت يىل تۈرمىلەرنى، غۇلجىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىنى 'سەيلى-ساياھەت" قىلمىدىمۇ؟ شەمشىدىننى ئىزدەيمەن دەپ، ئادەم چىدىغۇسىز سۆز-چۆچەكلەرگە قېلىپ، باش كۆتۈرگۈسىز بولۇپ كەتمىدىمۇ؟.

باھارسىز يىل، ناھارسىز تۈن بولمىغىنىدەك، يورۇق كۈنلەر يەنە باشلاندى. گۈلجەمىلە شەمشىدىنگە تەئەللۇق بولغان مۇھەببىتىنى باقى دۇنياغا پاك پېتى ئېلىپ كېتىشنى نىيەت قىلىپ، بارلىق ئىشقىنى كەسىپكە ئاتا قىلدى.

بىر كۈنى «خەلق ئارمىيىسى» گېزىتىگە بېسىلغان «پامىردىكى قار لەيلىسى» سەرلەۋھىلىك تەپسىلى خەۋەرنى ۋە شۇ خەۋەرگە يانداپ بېسىلغان بىر پارچە سۈرەتنى كۆرۈپ: "ئاھ، شەمشىم! قەلب دۇنيارىمنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق شەمشىم! .

دەپ ۋارقىرىۋەتتى-دە، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قال-

دى.

”خەت يازايمۇ-يا؟ ياق! خەت ئۇن كۈندە بارسا، ئۇن كۈندە جاۋابى كەلسە، ۋايجان، بۇ نېمىدېگەن ئۇزۇن ۋاقىت! تېلېفون بېرەي، تېلېفون!“ ئۇ شۇلارنى قارار قىلدى-دە، تېلېفون قىشىغا چاپتى:

گۈلجەمىلە شەمشىدىن بىلەن تېلېفون ئارقىلىق خېلى ئۇدان ھال-ئەھۋال سورىشىۋالغاندىن كېيىن، دېدى:

-- مەن بارىمەن، شەمشى، ئەتىلا يولغا...

-- ياق، كېلىپ ئاۋارە بولماڭ! -- شەمشىدىننىڭ سۆزى قاتتىق بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا بولۇپ، گۈلجەمىلەنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

-- بارىمەن دېدىمۇ، چوقۇم بارىمەن! -- دېدى گۈلجەمىلە ھاياجىنىنى باسالماي. بىراق، ئۇ نېمىشقا شەمشىدىننىڭ ۋاپاسىزلىق قىلىپ، باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىۋېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمىدىكىن؟ 27 يىل ئاز ۋاقىتمۇ؟ 27 يىل كۈتۈش شۇنداق ئاسانمۇ؟

-- كەلمەڭ دېدىمغۇ، كەلمەڭ! كېلىپ بە... بەختلىك ئائىلەمگە كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بەرمەڭ!

-- نېمە، توي قىلىپ بولدىڭىزما!

-- شۇنداق، مېنىڭ ھازىر بەش. . بەش بالام بار. ئايالىم. بەكمۇ چىرايلىق. بالىلىرىم. بەكمۇ. ئۇ. . ئوماق.

گۈلجەمىلە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، چۆچىدى،

يۈرىكى دەھشەت ئىچىدە سوقتى. شەمشىدىنىنىڭ بايىقى ــ دەس-
لەپكى ھاياجانلىق كەيپــىيــاتــى، شىرىــن سۆزلىرى قېنى؟
ئــۇ نــىمــىشقا گۈلجەمىلەنىڭ "بارىمەن" دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپلا
ئۇنىڭغا ۋارقىراپ، ئاچچىقلايدۇ؟ نېمىشقا ئايالىنىڭ چىرايلىق-
لىقىنى، بالىلىرىنىڭ ئوماقلىقىنى پەش قىلىدۇ؟ بۇ ئارقىلىق
گۈلجەمىلەنى تېخىمۇ ئازابلىماقچىمۇ-يا؟ شۇنچە يىللىق ئازابلار
گۈلجەمىلەگە يېتىپ ئاشاتتىمۇ؟ بىراق، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاخىرىدا
نېمىشقا بوغۇلۇپ قالىدۇ ئەمىسە؟

ــ گۈل، يىغلاۋاتامسىز؟ ــ تىرىپكىدىن شەمشىدىنىنىڭ
بوغۇق ئاۋازى كەلدى، ــ يىغلىماڭ، مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ!
مەن سىزنى بەختلىك. قىلالمايمەن. ئــۇقــتــىڭــىزمــۇ؟
ســىــزگــە. . . سىزگە بەخت تىلەيمەن!

ــ ۋەي، شەمشى، توختاپ تۇرۇڭ، مېنىڭ گېپىم تېخى
تۈ. . . تۈگىمىدى. ۋەي شەمشى!. . .

شەمشىدىن تىرىپكىنى قويىۋەتكەن ئىدى. گۈلجەمىلە ياتىقىد-
غا كىردى-دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەت-
تى. ئاھ، تەقدىر! سەن نېمانچە رەھىمسىز-ھە؟ گۈلجەمىلە
شەمشىدىندىن شۇنداق جاۋاب ئاڭلاش ئۈچۈن يىللارنى ھىجران،
سېغىنىش ئىچىدە ئازابلىنىپ ئۆتكۈزگەنمىدى؟ ئۇ سېنىڭ بۇن-
داق مەككارلىقىڭنى بىلگەن بولسا، ئەينى يىللاردىكى ھاقارەت-
لەنگەن، خورلانغان كۆڭلىدە ئىلى دەرياسىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەت-
مۇ، دەرد-ئەلەم، خورلۇقمۇ بولمىغان قوينىغا ئۆزىنى يوشۇر-
غان بولمايتتىمۇ؟ ئەگەر ھېلىقى باشلىقنىڭ ياكى ھېلىقى مىل-

يونىرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان بولسا، ئۇمۇ بەش بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ، بەختىنىڭ ماموق تۆشەكلىرىدە ياتمايتتىمۇ؟ ئاھ، كور تەقدىر!

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ھەممە ئىشلىرىنى پۈت- تۈرۈپ بولغان گۈلجەمىلە پەخرىنىسا بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇ قىزنىغا تاماق يېگۈزىۋاتاتتى.

گۈلجەمىلە سۆھبەت ئارىلىقىدا رامكىدىكى چوڭايتىلغان رەڭلىك سۈرەتكە قارىدى. بۇ گۈلجەمىلەنىڭ 18 ياش ۋاقتىدىكى سۈرىتى ئىدى. ئەگىم قاشلار، ئۇزۇن كىرپىكلەر ئارىسىدىكى ئويچان قارا كۆزلەر، توغاچتەك قىزغۇچ يۈز، بۈيرۈپ سوقتۇر- غاندەك يارىشىملىق بۇرۇن، سەدەپتەك چىش، گىلاستەك قىپقى- زىل لەۋ. . . ئاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق! ئالدىغا تاشلىنىپ تۇرغان ئىككى ئۆرۈم چېچىچۇ تېخى؟ ئەپسۇس، بۇ تەبىئى گۈزەللىك ئەينى يىللاردا ئۇنى قانچىلىغان ئازابلارنى تارتىشقا مەجبۇر قىلمىدى؟

-- چىرايلىقتا ۋاپا يوق، دېسە، سەندە ۋاپا بولمىسا بولات- تى، -- دېدى پەخرىنىسا، -- ئىسىت، سېنىڭ ئەقىدىلىرىڭ! بولدى، بارمايلا قوي، دوستۇم. ساڭا ۋاپا قىلمىغان. .

-- سەن بىرسىگە ۋاپا قىلغان ئىكەنسەن، -- دېدى گۈلجە- مىلە پەخرىنىسانىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، سۈرەتتىن كۆز ئۈزمەي، -- ئاخىرىغىچە ۋاپا قىلىشىڭ كېرەك. مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرى- شىم ھەرگىزمۇ ئۇنى ئايالىدىن تارتىۋېلىش ئەمەس، پەقەت شەمشىدىنگە ئوخشاش پامىر چوققىسىدا قار لەيلىسى بولۇپ ئېچى-

لىش! ئۇنى ھەپتىدە، ئايدا بىر قېتىم بولىشىمۇ كۆرۈپ تۇ-
رۇش، ئۇماق بالىلىرىنى بولسىمۇ. ماڭا شۇ راھەت، ماڭا
شۇ بەخت! ئۇنىڭ بەختى -- مېنىڭ بەختىم. ئۇ ئۆزىنى بەخت-
لىك ھېسابلىسا، مەنمۇ ئۆزۈمنى بەختلىك ھېساپلايمەن، ئۆ-
زۈمنى بەخت قوينىدا سېزىمەن. پەخىرىنسا!.
ئۇ ھـايـاجـانـلاندى. سۆھبەت خـېلى ئۇزۇن داۋام
قىلدى.

پامىرنىڭ تاغ ئېتىكى، ھاۋا ئوچۇق. قۇياش تىكلەنگەن
بولسىمۇ، يازنىڭ غۇر-غۇر شامىلى تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.
يىراقلاردا كۆرۈنگەن ئارچا، قارىغايلار ئادەمنى مەنزىلگە ئۈنذ-
دەيتتى. گۈلجەمىلە مىنگەن ئات ھۆپپىدە ئېچىلغان ياۋا گۈل-
لۈكلەر ۋە ئوتلاقلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ چاپماقتا ئىدى.
ھەربىي گازارمىغا يېتىپ كەلگەن گۈلجەمىلە ئاتنى بىر
تۈۋرۈككە باغلاپ قويدىدە، ئەپكەش بىلەن سۇ كۆتۈرۈپ كېتىۋات-
قان بىر جەڭچىدىن:

-- شـەمـشـىـدـىـنـىـڭ ئـۆيى قـەيـەردە؟ -- دەپ
سورىدى.

-- بىزنىڭ باتالىئون كومىسسارى شەمشىدىننىڭ ئۆيىنى
دەمسىز؟ . . . ھە، ئۇنىڭ تېخى ئۆيى يوق. ياتاقتا يېتىپ-قوپۇ-
دۇ. ياتىقىنى كۆرستىپ قويايمۇ؟ -- دېدى ھېلىقى جەڭچى.
-- ئۆيى يوق دەمسىز؟ -- ھەيرانلىق بىلەن سورىدى
گۈلجەمىلە، -- ئۇنداقتا ئۇنىڭ خوتۇن-بالىلىرى قەيەردە تۇرد-
دۇ؟

-- خوتۇن-بالىلىرى دەمسىز؟ ئۇ تېخىچە ئۆيلەنمىدى.

-- ئۆيلەنمىدى؟! -- تېخىمۇ ھەيران قالغان گۈلجەمىلە ئىختىيارسىز شۇنداق دەۋەتتى. بۇ قانداق گەپ! تەقدىر گۈلجەمىلەگە چاقچاق قىلىۋاتامدۇ ياكى ئۇنى كولدۇرلىتىۋاتامدۇ؟

-- شۇنداق، ئۇ ھازىرغا قەدەر ئۆيلەنمىدى.

-- ئۇ نېمىشقا ئۆيلەنمەيدىكەن؟ -- سورىدى گۈلجەمىلە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ.

-- ئۇنىڭ سۆيگۈنى ھىندىستان ئۇرۇشىدا قۇربان بولۇپ كەتكەن ئىكەن. شۇڭا ئۇ قىز بەك چىرايلىقكەندۇق.

گۈلجەمىلە تورۇپلا قالدى. قولىدىكى شەمشىدىنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرىغا سوۋغات ئالغان، سوۋغاتلارنى سالغان سومكىسىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى.

-- سومكىڭىزنى تاشلىۋەتتىڭىزغۇ؟ يۈرۈڭ، ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئولتۇرغاچ تۇرۇڭ. مەن ئۇنى چاقىرىپ كېلەي.

ۋاي، ئۆزىلا كېلىپ قالدىغۇ، قاراڭ ئەنە، -- ھېلىقى جەڭچى شۇنداق دېدى-دە، كېتىپ قالدى.

شەمشىدىن يېقىنلاپ كەلمەكتە. گۈلجەمىلەنىڭ يۈرىكى تېپچەكلىمەكتە. شەمشىدىن ئۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكىدىنمۇ چىرايلىق، قامەتلىك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

-- شەمشى!

— گۈل، گۈل. . . ل!.

ئىككىسى بىر-بىرىگە ئېتىلىشتى. لېكىن ئارىلىق بىر قەدەم قالغاندا خۇددى تورمۇزلانغان ماشىنىدەك شىپپىدە توختاپ قېلىشتى. ئاھ، بۇ گازارما بولماي، كەڭرى كەتكەن گۈزەل يايلاق ياكى ئادەمزاتسىز چۆل-جەزىرە بولسىچۇ!

شەمشىدىن گۈلجەمىلەنى ئەينى چاغدىكى خۇش خۇيلۇقى بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇنى باغرىغا قاتتىق باستى. لەۋلىرىگە، يۈز، بويۇنلىرىغا تەلۋىلەرچە سۆيدى. چاچلىرىنى تويماي سىيلىدى. ئۇلارنىڭ ئىسسىق ياشلىرىمۇ شۇنداق سۆيۈنۈشمەكتە، شۇنداق باغاشلاشماقتا ئىدى. مۇھەببەت نەقەدەر شېرىن-ھە؟! بىراق، شەمشىدىن لېۋىنى گۈلجەمىلەنىڭ تېخى قانمىغان نېپىز لېۋىدىن خۇددى ھەرە چېقىۋالغاندەك ئەندىكىپ تارتىۋالدى-دە، ئەلەم بىلەن ئۇھ تارتىپ قويۇپ، جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى سۆيۈنۈش، شادلىق يېشىنىڭ ئورنىنى ئەلەملىك ياشلار، ئاشىقلارغا خاس تەبەسسۇملەرنىڭ ئورنىنى قايغۇ-ھەسرەت ئىگەللىدى. .

شەمشىدىن باياتىن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىگەندە، نېمىدۇر بىر نەرسىنى يوشۇرغاندەك قىلدى. ئۇ زادى نېمىنى يوشۇردى؟ ئۇنىڭ "بەش بالام بار" دەپ گۈلجەمىلەنى ئالدىشى، ئېغىر ئۇھسىنىشى، ئەلەملىك ياش تۆكۈشى، روھى-ھالىتىنىڭ بىراقلا تۆۋەنلەپ كېتىشى، چىرايىنىڭ تاتىرىشى. زادى نېمە سەۋەبتىن؟ بۇ زادى قانداق سىر؟.

گۈلجەمىلە بىئاراملىق ھېس قىلماقتا ئىدى. ئاخىرى ئۇ

شەمشىدىندىن ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان سىرلىرىنى ئاش-
كارا ئوتتۇرىغا قويۇشنى يىغلاپ تۇرۇپ ئۆتۈندى.
-- سىز. . . سىز مېنىڭ ئەرلىك غۇرۇرۇمغا مۇناسىۋەت-
لىك بولغان مەخپىيىتىمنى مەڭگۈ ئېچىۋەتمەسلىككە قەسەم بې-
رەلەمسىز؟ -- ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتكەن شەمشىدىن
گۈلجەمىلەنىڭ ئالقانلىرىنى يۈزىگە سۈركەپ تۇرۇپ سورىدى.
بىر ئەرنىڭ، يەنە كېلىپ ئىرادىلىك بىر ئوفتسېرنىڭ كۆز يېشى
قىلىشى كىمنىڭمۇ يۈرىكىنى ئەزمىسۇن، تىترەتمىسۇن؟
--    مەن قەسەم بېرەي، ماڭا ئىشىنىڭ، شەمشى.
-- مەن شۇ قېتىملىق ئېغىر يارىلىنىشتىن كېيىن،
-- دېدى شەمشىدىن ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ -- ئەرلىك ئىقتىدارىم-
دىن مەھرۇم قالدىم. بۇ -- بىر ئەر ئۈچۈن قانچىلىك ئەلەم،
قانچىلىك ئازاب؟! شۇڭا مەن سىزنىڭ ئىز-دېرىكىڭىزنى قىل-
ماي، پامىرغا كېلىۋالدىم. ئۆز بەختىنى دەپ باشقىلارنىڭ بەخ-
تىنى نابۇت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئازاب ئەمەسمۇ؟ مەن سىزنى
بەختسىز قىلىپ قويۇشنى خالىمايتتىم. سىزنىڭ مەنىسىز تۇر-
مۇش كەچۈرۈشىڭىزگە چىداپ تۇرالمايتتىم. مەن سىزنى بۇ
چاققىچە ئائىلىلىك بولۇپ بولدى، دەپ ئويلىغان ئىدىم. شۇڭى-
مۇ ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىپ كەلگەن ئىدىم. باشقىلارنىڭ
بەختى ئۈچۈن ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەخت
ئەمەسمۇ! بولدى، گۈل، مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، چوقۇم ئۇنتۇپ
كېتىڭ، چوقۇم ئۇنتۇپ كېتىڭ! مەن سىزنىڭ مەڭگۈ كۆڭۈل-
سىز، مەنىسىز تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭىزگە سەۋەبچى بولۇشنى

خالمايمەن. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن! . . .

-- بولدى. سۆزلىمەڭ، سۆزلىمەڭ! -- گۇلجەمىلە شەمشىدىنىنىڭ ھاياجانلىق سۆزلىرىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سالدى-دە، سۆزلەشكە باشلىدى، -- سەن بىرسىگە ۋاپا قىلغان ئىكەنسەن، ئاخىرىغىچە ۋاپا قىلىشىڭ كېرەك!". بۇ سۆز ھېلىمۇ ئېسىمدە، بۇنى سىز ماڭا ئەينى چاغدا چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان. ھەرقانچە كۆڭۈلسىز بولسا، سىزنىڭ بىر مىنۇتىڭىزغا تەشنا بولۇپ، سىزسىز ئۆتكۈزگەن 27 يىللىق ھاياتىمدىكىدەك بولماس. مەن سىز بىلەن بىللە بولسام، ھاياتىمنى قىلچىمۇ كۆڭۈلسىز، مەنىسىز ھېس قىلمايمەن. چۈنكى مەن سىزنى سۆيىمەن. سىزسىز ياشىيالمايمەن. مەن سىز بىلەنلا بەختلىك! سىز نېمىشقا مۇھەببەتنى چۈشەنمەيسىز؟ ئۇقۇپ قويۇڭ، شەمشى، ماڭا سىزنىڭ پەقەت پاك مۇھەببىتىڭىز كېرەك، مۇھەببىتىڭىز! . .

* *

-- گۇل، نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟

شەمشىدىنىنىڭ سۆزى گۇلجەمىلەنى خىيالدىن ئويغاتتى.

-- ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن.

-- شېرىن مىنۇتلارنىمۇ ياكى ئازابلىق مىنۇتلارنىمۇ؟

ئەلبەتتە شېرىن مىنۇتلارنى بولمامدۇ، شەمشىم؟

-- ئۇ نەقەدەر گۈزەل چاغلار ئىدى-ھە! ؟

-- شۇنداق، لېكىن ئالدىمىزدىكى مىنۇتلار ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل، ئۇنىڭدىنمۇ شېرىن بولىدۇ، شەمشىم. بىز قانداق بەختلىك-ھە! -- گۈلجەمىلە شەمشىدىنىنىڭ شالاڭلاشقان چېكە چاچلىرىنى ئامراقلىق بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ دېدى، -- بىراق، بىز بۇ بەختكە بەكمۇ كېچىكىپ ئېرىشتۇق!

شەمشىدىن ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ گۈلجەمىلەنى باغرىغا مەھكەم باستى-دە، يۈزىنى ئۇنىڭ چاچلىرىغا سۈركەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىمۇ خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا قۇچاقلىشىۋاتاتتى. بۇ -- كېچىكىپ ۋىسال قۇچقان بىر جۈپ پاك يۈرەكنىڭ بەخت يېشى ئىدى.

1991-يىلى، ئاۋغۇست، قاغىلىق.

# ساماۋى قەلئە

مەن تېلېۋىزوردا بېرىلىدىغان «دۇنيا تەنتەربىيىسى» پروگراممىسىغا قەۋەتلا ئامراق. شۇڭا ئۇنى ناھايىتى قىزىقىپ كۆرىمەن، بۇگۇنمۇ كۆز-قۇلىقىم تېلېۋىزور ئېكرانىغا مىختەك تىكىلگەن.

-- پاھ، جاھاندا مۇشۇنداقمۇ مۇسابىقە باركەن-دە! -- دەۋەتتىم مەن ھاياجىنىمنى باسالماي. چۇنكى بۈگۈن تېلېۋىزور-دا «تام ئاقلاش مۇسابىقىسى» كۆرسىتىلگەن ئىدى. مەنمۇ مۇشۇ كەسىپنىڭ ئەھلى بولغاچقا، ئۇنىڭغا قەۋەتلا قىزىقىپ قالدىم-دە، يەۋاتقان تامىقىمنى قويۇپ، زوق-شوق بىلەن ماختىغاچ ھەم ماختانغاچ كۆردۇم. ئۆز كەسپىمنىڭ تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلىپ، نام-شۆھرىتىنىڭ جاھانغا نامايىش قىلىنىشى كىمنىمۇ ھاياجانلاندۇرمىسۇن؟ ئەپسۇس، مۇسابىقە بىردەمدىلا تۈگەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇزۇنراق داۋاملىشىشىنى نەقەدەر خالايت-تىم-ھە!

ئۆز كەسپىمگە ئاجايىپ ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەن يۈرىكىم تېلېۋىزورنىڭ «دۇنيا تەنتەربىيىسى» پروگراممىسىنى زارىقىپ كۈتمەكتە ئىدى.

1992-يىلى 30-ئاپرېل مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز كۈن بولدى. چۈنكى بۇ كۈنى تېلېۋىزوردا ناھىيىلىك تەنتەربىيە كو-مىتېتىنىڭ «1-ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى مۇناسىۋىتى

بىلەن «تام ئاقلاش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسى-دىكى ئېلانى ئاڭلىتىلغان بولۇپ، ئېلاندا چوتكا ۋە يېتەرلىك هاكنى مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئېلىپ كېلىدى-غانلىقى، ياخشىلىرىغا 1-، 2-، 3-دەرىجە بويىچە مۇكاپات كې-لىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن ئىدى.

مەن شۇ كېچە ئۇيقۇمنى قۇربان قىلىپ، مۇسابىقىدە قانداق ئۇتۇپ چىقىشنىڭ پىلانىنى تۈزدۈم. ئەتىسى كۆزلىرىمنى ئۇۋۇ-لاپ ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، تەنتەربىيە كومىتېتىغا بېرىپ، بەش يۈەن تۆلەپ تىزىمغا ئالدۇردۇم. بۇ بىر كۈننى ناهايىتى مۇشەققەت بىلەن كەچ قىلدىم.

1-ماي كۈنى سەهەردە ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، مۇسابىقە ۋاقتى يا بىر مىنۇت، يا بەك بولسا بەش مىنۇت داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭغا ئىككى كىلو هاك يېتىپ ئاشىدۇ، دەپ ئويلاپ، ناشتا قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ ۋېلسىپىتكە مىندىم.

مەن يېتىپ كەلگەندە، 20 نەچچە ماهىرنىڭ هەممىسى يىغىلىپ بولغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاز ئەكەلگى-نىمۇ 10 كىلودىن هاك ئەكەلگەن بولۇپ، چوتكىلىرى كارامەت پەيزى ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ "ئىم"دەپ قالدىم. كۆپ ئويلانماي-لا ۋېلسىپىتكە مىندىم-دە، ئۆيگە چاپتىم. ئۆيدىكى هاكنىڭ هەممىسىنى ئالدىم. بىراق، چوتكىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئالقانچىلىك چوتكا بىلەن قانداقمۇ ئۇتۇپ چىققىلى بولىدۇ؟ ماگىزىنلار ئېچىلىپ بولغۇچە، مۇسابىقە باشلىنىپ كەتمەسمۇ؟

يۈرىكىم ئەندىشە ئىچىدە سوقۇشقا باشلىدى... ئاخىرى

ماگىزىنىمۇ ئېچىلدى. يولۇاپستەك ئېتىلىپ كىردىم. چوتكىلار يارىمىدى. بىراق ئامال تاپقان ئىدىم.

-- ئاۋۇ چوتكىدىن ئىككىنى ئېلىۋېتىڭە! دېدىم ئالدىراپ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا

-- ماقۇل چوڭ غوجام -- قىز ماڭا قەھرى بىلەن ئالاي-دى، -- بىردەم تۇرۇپ تۇرسىلا، ماگىزىننى تازىلىۋالاي، ماقۇلما؟ ھىم، ۋاي جىڭلى دادىكام!.

قىزنىڭ زەھەردەك سۆزلىرىدىن يۈرىكىم ۋىژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ خورلانغان يۈرىكىمگە تەسەللى مەلھىمى چېپىپ، قايناق غۇرۇرۇمغا ھاي بېرىپ يالۋۇردۇم:

-- مەن خۇش بولۇپ كېتەي، ئوبدان خېنىم..

-- خېنىملىرىنى تېپىپ خېنىم دېسىلە، مەن خانلىرى ئەمەس سىلىنىڭ...

مۇسابىقىگە قاتناشماقچىدىم...

-- مۇسابىقىگە؟

-- ھەئە، تام ئاقلاش مۇسابىقىسىگە..

-- تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىنىۋاتاتتى راست.

-- شۇ.

ئازكەم 20 كويغا ئىككى چوتكا سېتىۋالدىم. 6.5 تال مىخ ئېلىپ، بىر تاختا بىلەن ئىككى چوتكىنى بىر قىلىپ مىخلىدىم. بىردەمدىلا خۇددى گۈرجەكتەك يوغانلىقتىكى بىر چوتكا پۈتۈپ چىقتى.

يۈرىكىمنى بىر نەرسە غاجاشقا باشلىدى. بوينۇم خۇددى

ئۆلۈك توخۇنىڭ بوينىدەك ساڭگىلاپ چۈشتى. چۈنكى باشقىلار-نىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاھ، ئىسىت!.

-- ئەكرەمجان مەتروزى دېگەن سىزما؟

-- بېشىمنى كۆتۈرۈپ مەندىن سوئال سورىغۇچىغا قارى-دىم. تەنھەركەتچىلەر كىيىمى كىيىۋالغان، مەن دېمەتلىك بىر-سى ئالدىمدا تۇراتتى.

-- ھەئە، مەن.

-- مەي جۇرېن مېنى سىزنى ئىلىپ بېرىشنى تاپىلىغانتى، قېنى مېڭىڭ.

-- نەگە؟

-- مۇسابىقە مەيدانىغا.

-- مۇسابىقە مۇشۇ يەردە ئەمەسما؟

-- مۇسابىقە تۈرلىرى بۈگۈن بەك كۆپ بولغاچقا، تام ئاقلاش مۇسابىقىسىنى سىرتقا ئورۇنلاشتۇردۇق.

ئۇ مېنى باشلاپ ماڭدى. مەي جۇرېن (ئۇنى تونۇمايمەن) مېنى دەپ ئالاھىتەن ئادەم قالدۇرۇپتۇ. بۇلار نېمىدېگەن مەس-ئۇلىيەتچان-ھە!

-- بۇ مۇسابىقە، -- دېدى ھېلىقى كىشى، -- مەملىكە-تىمىزگە نىسبەتەن يېڭى تۈر بولغاچقا، بۇنىڭغا مەي جۇرېن ئۆزى مەسئۇل بولدى.

مۇسابىقە مەيدانىغا كىرىپ ھەيران قالدىم. چۈنكى بۇ تام-لىرى ئاقارتىلمىغان، دېرىزىلىرى سىرلانمىغان، تېخى يېڭىلا پۈتكەن قورۇ-جاي بولۇپ، كەڭرى ۋە ئازادە ئىدى.

مۇسابىقە باشلاندى. مەن ناھايىتى تېز ھەرىكەت قىلماقـ
تا ئىدىم. . . رىپېرلارنىڭ بىرى چىقسا، بىرى كىرىپ بىزگە
قوماندانلىق قىلغاچ، مەدەت بېرىپ تۇراتتى:
-- ھەي ياخشى، -- بۇ مەي جۇرېنىڭ ئاۋازى ئىدى،
-- ھەممىدىن سىز بەك جىق ئاقلاپسىز. ئۇتۇپ چىقىدىغاندەك
تۇرىسىز جۇمۇ! قاراڭ، ماۋۇ يەر سەل چالا قاپتۇ، يەنە بىر-
ئىككى چوتكا سۈرتىۋېتىڭە.
ئۇ، مۇشۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى بايىلا ماڭا دېگەن ئىدى،
ھازىر ياندىكى ئۆيدىكى بىرسىگە دەۋاتاتتى. مەي جۇرېن ماھىر-
لارنى ئىلھاملاندۇرۇشقا نەقەدەر ئۇستا-ھە!
ھەش-پەش دېگۈچە بىر ئىېغىز ئۆينىڭ ئۈچ تېمىنى ئاقلاپ
بولغان ئىدىم. بەندىڭنى تۆتىنچى تامغا يۆتكىمەكچى بولۇشۇمغا،
بەندىڭنىڭ مەن دەسسەپ تۇرغان تەرىپى بىسىپ كېتىپ بىر
چۆشمەسمەنمۇ، جەينىكىم تامغا تېگىپ سۈرۈلۈپ كەتتى-دە،
قاناشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىدى.
چوتكام سىپسىلىق سېمونت تامدا ناھايىتى چاققان ھەرىكەت-
لىنەتتى. سۇۋالغۇلىرىم ئېشىپ، تام تۈگەپ قالدى. شۇڭا
چېلەكنى كۆتۈرۈپ، ئاقلايدىغان تام ئىزدەپ يەنە بىر ئۆيگە
يۈگۈردۈم. بىر رەقىبىم بىلەن ئۇسۇشۇپ قالدىم. بىز شۇنداق
قاتتىق ئۇسۇشكەن ئىدۇقكى، بۇرنۇمدىن ئوقتەك قان كېلىپ،
ئۇنىڭ بىرتال چىشى گىلدىڭلاپ قالدى. "قان چىقسا چىقمامدۇ،
نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بۇنچىلىك قان دېگەن نېمىگە ئەرزىيد-
تى؟ شان-شەرەپ ئۈچۈن ئازراق بەدەل تۆلىمەي بولمايدۇ-دە!

-- تام. تام يوقما؟ -- دەپ سورىدى ئۇ خىيالىمنى بۆلۈپ، ئۇمۇ تام ئىزدەپ ماڭغان ئىكەن.

-- يوق، يوق. -- دېدىم ئاران-ئاران نەپەسلىنىپ، بۇر- نۇمدىكى قانلارنى ئېرتقاچ. بىز جايىمىزدىلا ئولتۇرۇپ قالغان ئىدۇق. مۇسابىقە ۋاقتىنىڭ بۇنچىلىك ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن.

-- خۇداغا شۈكرى! -- دەۋەتتىم مەن. چۈنكى مۇسابىقە ۋاقتىنىڭ توشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پۇشتەك چېلىنغانىدى.

بىز سەيناغا يىغىلدۇق. هويلا تاملىرى، ئېغىل-سامانلىق، ئوتۇنخانا. هاجەتخانا. . . ئىشقىلىپ ئاقلانمىغان ئالقانچىلىك يەر قالمىغان ئىدى، ماھىرلار گويا ئوپېراتسىيە ئۈستىلى ئالدىدىكى دوختۇرلارغا ئوخشاپ قالغان ئىدۇق. هويلىمۇ، ئاسمانمۇ، بىز- مۇ. . . هەممە ئاپئاق ئىدى. مەن ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل غەيرى تۇيغۇغا غەرق بولغان ئىدىم. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزۈمنى گويا سىرلىق ساماۋى قەلئەگە كىرىپ قالغاندەك ۋەھە- مىلىك ھېس قىلماقتا ئىدىم. پۈتۈن ئەزايىمدىن قۇيۇلىۋاتقان ئاچچىق تەرلەر مېنى تېخىمۇ سۈرلۈكلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ سا- ماۋى قەلئەدىن تېزراق چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىتاتتى.

مەن 1-دەرىجىگە ئېرىشىپ، بىر پارچە تەقدىر قەغىزى بىلەنلا مۇكاپاتلاندىم. ناھىيىلىك كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلى- قىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ «تام ئاقلاش مۇسابىقىسى» ماڭا ئەنە شۇنداق شۆھرەت ئاتا قىلغان ئىدى. ئەپسۇس، مەن تېلېۋۇ-

-زورنىلىڭ «دۇنيا تەنتەربىيىسى» پروگراممىسىنى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى بۇ پروگراممىنى باشلىنىشى بىلەنلا، مەن ھېلىقى ساماۋى قەلئەگە كىرىپ قالغاندەك بولىمەن-دە، ھوشۇمدىن كېتىمەن.

1992-يىلى، سېنتەبىر، قاغىلىق.

# ئوغۇلنىڭ ئەندىشىسى

-- بالام، چاققان هارۋىنى قېتىپ تەييار بول، -- دېدى سالى ئاكا.

-- نەگە بارىمەن؟ --- تاپشۇرۇق ئىشلەپ ئولتۇرغان ئەكبەر بېشىنى كۆتۈرمەيلا سورىدى.

يېزىغا چىقىپ چوڭ ئاناڭنى ئېلىپ كىرگىن.

-- چوڭ ئانامنى ئەكىرمەيلىچۇ دادا. -- ئەكبەر بۇ گەپ-نىڭ ئاغزىدىن قانداقسىگە تېز چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى-دە، ئېسىگە كېلىپ دادىسىغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

-- نېمىشقا!؟ -- سالى ئاكىنىڭ "غۇژژىدە" ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سۆزلىدى، -- نەچچە ۋاقىتقىچە "چوڭ ئانامنى ئەكىرەيلى، ۋاي چوڭ ئانامنى ئەكى-رەيلى" دەپ تۇرالمايتتىڭغۇ؟

شۇنداق، ئەكبەر چوڭ ئانىسىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. چوڭ ئانىسى كىرسە جېنى يايراپ، يۈرىكى سۆيۈنۈپ كېتەتتى. چى-قىپ كېتىشكە تەمشەلگۈدەك بولسا: "چوڭ ئانا، قەن چوڭ ئانا، يەنە بىر كۈن تۇرۇپ كەت. يەنە 5-6 كۈن تۇرساڭچۇ؟. "دەپ پېشىگە ئېسىلىۋالاتتى. بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟

-- تۇرە ئورنۇڭدىن! -- دېدى سالى ئاكا بۇيرۇق تەلەپپۇ-زىدا.

-- ئەكىرمىسەكچۇ، ئوبدان دادا، -- ئەكبەر يېلىنىش

تەلەپپۇزىدا يەنە ئىتىراز بىلدۇردى. سالى ئاكا بۇ قېتىم ھېچبىر ئاچچىقلانمىدى. چۈنكى ئۇ ئوغلىنىڭ قانداقتۇر بىر ئەندىشىسى بارلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى.

-- نېمىشقا شۇنداق دەيسەن؟ سورىدى ئۇ ئوغلىنىڭ بېشىنى ئاتىلارچە مېھرى بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ.

-- بۇ . . . ، بۇ. . . ، -- تىرناق تاتىلاش بىلەن ئاۋارە بولىۋاتقان ئەكبەر دۇدۇقلاپ قالدى.

-- كۆڭلۈڭىدىكىنى دېگىنە، بالام. ئەكىرمىسەك ئەكىرمەيلى، بوپتۇ.

-- ئادەم. . . -- ئەكبەر گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيىشكە يەنە جۈرئەت قىلالمىدى.

قورقماي ئېيتىۋېرە، ئوماق قوزام، -- سالى ئاكا ئەمدى ئوغلىنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى، گەدەنلىرىنى، بۇدرۇق قوللىرىنى تېخىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن سىيلاشقا باشلىدى.

-- چوڭ ئانامنى ئەكىرسەك. . چوڭ ئانامنى ئەكىرسەك. . چوڭ ئانام كېتىپ بولغۇچە ئوبدان-ئوبدان تاماقلارنى يېگىلى بولمايدىكەن شۇ، -- ئەكبەر شۇنداق دېدى-دە، ھويلىدا رەشىلىيە ئىشلەۋاتقان ئانىسىغا قورقۇمسىراپ قارىدى. سالى ئاكىمۇ ئېچىنىش بىلەن ئايالىغا قاراپ قويۇپ، مېھمانخانىغا كىردى-دە، ئۆزىنى كىرسلوغا تاشلاپ كۆزىنى چىڭ يۇمدى.

1990-يىلى، مارت، قاغىلىق.

# بىر پوڭ پۇل

-- قېرىنداش ئۇچلىغۇچ بارمۇ؟

قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋاز مېنى چۆچىتىۋەتتى ۋە بېرىلىپ ئوقۇۋاتقان «ئىز» رومانىم قولۇمدىن چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى. مەن ئاچچىقىم بىلەن بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئالدىمدا يەتتە ياشلاردىكى بىر قىز پوكەيگە ئېسىلغىنىچە ماڭا قورۇنغان ھالدا قاراپ تۇراتتى. قىز ئۇچىسىغا كونا چىپەرقۇت چاپان كىيگەن، بېشىغا قارىداپ كەتكەن جىگەررەڭ بۆز ياغلىق ئارتىۋالغانىدى.

-- بار! -- دېدىم مەن كىتاپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ.

-- قانچە پۇل؟

--

-- قانچە پۇل؟

-- نەدىنمۇ پەيدا بولدى بۇ ماڭقا! 33 پوڭ! -- مەن ۋارقىرىغانسېرى قىزنىڭ ئاۋازى شۇنچە پەسەيمەكتە ئىدى.

-- ماڭا بىرنى بەرسىلە، -- قىز پوكەيگە ئېسىلىپ تۇرۇپ بىر كوينى تەڭلىدى.

مەن ئېرەڭسىزلىك بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، قەلەم ئۇچلىغۇچنى قىزنىڭ ئالدىغا پاققىدە تاشلىدىم ۋە ئاشقان پۇلنى شارت-شۇرتلا ساناپ قىزغا ئاتتىم. قىز ئاشقان پارچە پۇلنى يىغدى-دە، دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

-- ئاكا، بۇ پۇلنى خاتا بېرىپسىز، قايتا.

ئارىدىن بەش-ئون مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەي، بايىقى ئاۋاز يەنە قۇلىقىمغا كىرىپ جۇدۇنۇمنى ئۆرلەتتى.

-- نېمە؟! -- مەن ۋارقىرىغىنىمچە كىتابتىن بېشىمنى كۆتۈردۈم.

-- بۇ پۇلنى خاتا قايتۇرۇپسىز، قايتا بىر.

-- ماڭ، ماڭ، ئىشىڭنى قىل! -- دېدىم مەن قىزغا ۋارقىراپ، -- پۇل سانىيالمىغان نېمەڭگە ئادەمنى تولا ئاۋارە قىلماي.

-- ئىشەنمىسىڭىز ئۆزلىرى ساناپ باقسىلا ئەمىسە.

-- ئەكىلە! -- مەن پۇلنى سىلكىپلا ئالدىم-دە، قايتا ساناشقا باشلىدىم. پۇلنى ساناپ بولۇپ قىزغا خىجالەتمەنلىك بىلەن قاراپلا قالدىم. چۈنكى قىزغا بىر پۇڭنى ئارتۇق بەرگەن ئىكەنمەن.

-- قانداقكەن؟ -- دېدى قىز.

مەن قىزغا تىنكىلىپمۇ قارىيالمىدىم ۋە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بىر پۇڭنى ئەپقېلىپ، قالغىنىنى قىزغا ئاستا سۇنۇدۇم.

قىز پۇلنى قولىغا ئېلىپ:

-- خاپا بولمىسىلا، ئاكا، -- دەپلا چىقىپ كەتتى.

قىزنىڭ بۇ سۆزى مېنى تېخىمۇ ئوسال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

1987-يىلى، ئۆكتەبر، قاغىلىق.

# ئۆزگىرىش

بۇ يىل تۇپتوغرا ئون ياشقا كىردىم. مېنىڭ تېنىم ناھايىتى ساغلام. تا ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ ئاغرىپ قېلىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. بىراق مېنىڭ ئىشنىڭ ئېتىنى ئاڭلىسىلا بېشىم ئاغرىيدىغان بىر ”كېسىلىم“بار. دادام مۇشۇ مەكتەپكە قايسى كۈنى مۇدىر بولدى، شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانمەن. مەكتەپ دېگەننىڭ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ بۇ يۇرتتا ھاك تاش خېلى كۆپ. ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرتقى پائالىيەتتە بورنى ئۆزلىرى ياسىۋالىدۇ. مەكتىپىمىزدىكى ھەممە بالىلار دېگۈدەك بور ياساشنى بىلىدۇ، ئاردا مەنلا بىلمەيمەن. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇ ئىشلارغا قول تىقىپ ئۆگىنىشنى خالىمايمەن. چۈنكى مەن مۇدىرنىڭ ئوغلى-دە! مەن ئىش قىلمىغانغا مەكتەپنىڭ ئىشى پۈتمەي قالاتتىمۇ؟!

مېنىڭ قۇلىقىم بەكمۇ سەزگۈر. بۇگۈن مەكتەپتە مۇنداق ئىش قىلىدىكەنمىز، دېگەن گەپنى ئاڭلىسىلا، ”بېشىم ئاغرىپ قالدى، دوختۇرغا بارىمەن“ دەپلا ئۆيگە بەدەر قاچىمەن. سىنىپتا تازىلىق نۆۋىتى ماڭا كەلسە، ساۋاقداشلىرىم قىلىپ قويامدۇ-قويمامدۇ، بۇنىڭدىن مەن خەۋەرسىز. ئىشقىلىپ قولۇمغا سۇپۇرگە ئالمىغىلى ئىككى يىل بولۇپ قالدى.

—— قەيسەر، سەن چىقىپ داداڭنى چاقىرىپ كىر. تامىقى

سوۋۇپ قالدى، -- دېدى ئاپام بىر كۈنى ماڭا يىلىنىپ.

-- ئۆزەڭ چاقىر! -- دېدىم مەن كارىۋاتقا سۇنايلىنىپ ياتقىنىمچە مىدىراپمۇ قويماي.

-- ئوبدان بالام، ماقۇل دېگىن. داداڭنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتتى -- چۈشتىمۇ ئۆيگە كىرمىگەن.

-- ئەمىسە ئىككى موچەن بەرسەڭ قىچقىرىپ كىرىمەن.

ئاپام ماڭا ئىككى موچەن بەردى. چۈنكى ئاپام مېنىڭ ئىككى موچەن ئالمىغۇچە ماڭمايدىغانلىقىمنى بىلەتتى. مەن پۇلنى ئالدىم-دە، ئېشىكتىن چىقتىم. راستىمنى ئېيتسام ئىككى موچەننى دېمىسەم ئورنۇمدىن قوزغالغۇم يوق ئىدى.

مەن مەكتەپكە كىرگەندە چىراغ ياقىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغان بولۇپ، بىرنەچچە ئىشچى ئاپتوموبىلدىن كۆمۈر چۈشۈرۈۋاتاتتى. بىرنەچچە ئىشچى قول هارۋىسى بىلەن ئامبارغا كۆمۈر توشۇۋاتاتتى. مەكتەپنىڭ قاۋۇل ئىسىملىك قارا چىراي كەلگەن بىر ئىشچىسى بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن:

-- قاۋۇلكا، دادامنى كۆردىڭىزمۇ؟ -- دەپ سورىدىم.

كۆمۈر ئۇسۇۋاتقان ”قاۋۇلكام“ بېشىنى ئىتتىك كۆتۈردى-دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

-- داداڭنى كۆرسەڭ تونۇيالامسەن؟ -- دېدى.

-- نېمىشقا تونۇمايدىكەنمەن؟ دادام ئۆزەمنىڭ دادىسى تۇرسا، -- دېدىم مەن ۋە شۇ هامان قوزۇقتەك قېتىپلا قالدىم. چۈنكى ئۇ كىشى قاۋۇلكام بولماستىن، مېنىڭ دادام ئىكەن. يۈزۈم چىمىلداپ، يۈرىكىم هەرىكەتتىن توختاپ قالغاندەك بىلە-

نىپ كەتتى. مەن ”دادام مۇدىر تۇرۇپ ئىشچىلار بىلەن ئوخ-
شاش ئىشلەۋېتىپتۇ. مەن بولسام مۇدىرنىڭ بالىسى، دەپ ئەم-
گەكتىن قېچىپ يۈرۈپتىمەن. مەن. مەن . دەپ ئويلى-
نىپ قالدىم.

-- بالام، سەن ئۆيگە كېتىۋەر، مەن ھازىرلا بارىمەن،
-- دادام شۇنداق دېدى-دە، كۆمۈر ئۇسۇشقا باشلىدى. مەن
قانداقتۇر بىر خىل كۆچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھەقىقىي قاۋۇلكام
سۆرەپ كېتىۋاتقان ھارۋىنىڭ كەينىدىن ئىتتەردىم. مەن شۇ
مىنۇتتىن باشلاپلا ھېلىقى ”باش ئاغرىش“كېسىلىم پۈتۈنلەي
ساقىيىپ كەتكەندەك يېنىكلەپ كەتتىم.

1985-يىلى، دېكابىر.

# پەزىلەتلىك بالا

مەن بۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كەلگەن كۈنۈمدىن باشلاپلا 6ـ7 ياشلارغا كىرگەن، ئۆسۈپ غۇژمەكلىشىپ كەتكەن قوڭۇر چاچلىرىنى توپا باسقان، ئالدى ئوچۇق، قاسماق خەسە كۆينىكىدىن قورساقلىرى خۇددى قارا تاۋۇزدەك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، قارا كاجى ئىشتىنىنىڭ تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەن پۇشقاقلىرى بەئەينى قوناق قۇلاقلىرىدەك لەپىلدەپ تۇرىدىغان كۆرۈمسىز بۇ بالىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەخلەت دۆۋىلىرى ئارىسىدىن نېمىلەرنىدۇر ئىزدەۋاتقان ھالدا چېلىقتۇرۇپ تۇراتتىم. بىر كۈنى مەن ئىشقا كېتىۋېتىپ ئۇنى بىر قوچاق بوتۇلكىلارنى كۆتۈرگەن ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالدىم-دە:

—— سەن كىمنىڭ بالىسى؟ —— دەپ سورىدىم.

—— دادام بىلەن ئانامنىڭ، —— دەپ تېزلا جاۋاب بەردى بالا.

—— داداڭ باردۇ؟ —— سورىدىم مەن كۈلكەمنى زورغا بېسىپ.

—— يوق، ئۆلۈپ قاپتىكەنمىش.

—— ئاناڭچۇ؟

—— ئانام بار، بولغان بىلەن.

—— ئېتىڭ نېمە سېنىڭ؟ —— مەن بالىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سورىدىم.

-- بەختىيار

-- بۇ بوتۇلكىلارنى نېمە قىلىسەن؟

-- نېمە قىلىسەن دەيلى-يا؟ -- بەختىيار قارامتۇل، ئۇ-رۇق چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، بۇلاقتەك، ئەمما، مىسكىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ دېدى، -- نېمە قىلاتتىم، سېتىپ پۇل قىلىمەن.

-- پۇلنى نېمە قىلىسەن؟ -- بەختىيارنىڭ چۈچۈك، يېقىملىق سۆزلىرى زوقۇمنى ماگنىتتەك تارتىۋالغاچقىمۇ، ئۇ-نىڭدىن ئايرىلغۇم كەلمەي، ھەدەپ سوئال سورىغۇم كېلىپ تۇراتتى.

-- پۇلنىما؟ پۇلغا نان ئېلىپ ئانامنى باقىمەن.

-- نېمە، ئاناڭ بەك قېرى ئوخشىمامدۇ؟

-- چېچى قاپقارا تۇرسا قانداق قېرى بولىدۇ؟

-- نېمىشقا ئەمىسە. .

-- پۇتى كېسەل، -- دېدى بەختىيار سۆزۈمنى بۆلۈپ، -- خەقلەر ”ئاناڭ پالەچ بولۇپ قاپتۇ“دېيىشىدىغۇ-تاڭ.

-- سېنىڭ ئاكا-ئاچىلىرىڭ يوقمۇ؟

-- يوق، ئۆيدە ئانام بىلەن ئىككىمىز يالغۇزلا.

بەختىيارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. شۇڭا بەختىيارغا ھېسداشلىقىم قوزغىلىپ قالدى-دە، ئەمدىلا ئاغزىمنى ئۆمەللىشىمگە، ئۇ ئالدىراپ ئېغىز ئېچىپ قالدى:

-- ھە راست، ئاكا، تاسلا قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى، بىر سىرىق مۇشۇكىمىزمۇ بار تېخى.

بەختىيارنىڭ بۇ سۆزى مېنى ئىختىيارسىز كۈلۈۋېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

-- ئۆيۈڭ نەدە؟ -- مەن كۈلكەمنى توختىتالماي، تېخىمۇ قىزىقىپ سورىدىم.

-- قوشنىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا.

-- قوشناڭنىڭ ئۆيى نەدە؟

-- بىزنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا.

مەن بەختىياردىن سوئال سوراۋەرگەنسېرى، ئۇنىڭ جاۋابلىرى مېنىڭ بايىقى ئېچىنىشلىرىمغا كۈلكە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇماقتا ئىدى. شۇڭا مەن سوئالىمنى چورتلا توختىتىپ، ئۇنىڭغا بىر كوي پۇل تەڭلىدىم.

-- نېمە قىلىمەن بۇنى؟ -- بەختىيار ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلىپ بىر قەدەم كەينىگە داجىدى.

-- خەجلە، ئاناڭغا نان ئېلىپ بەر.

-- ئالمايمەن.

-- نېمىشقا ئالمايسەن؟ -- سورىدىم مەن كۈتۈلمىگەن بۇ جاۋابتىن ھەيران قېلىپ.

-- مەن خەقنىڭ بىكار پۇلىنى ئالمــايمــەن! -- بەختىيار شۇنداق دېدى-دە، بوتۇلكىلىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدىم.

بۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرارلاندى. ئۇ ھەربىر ئۇچرىغاندا مەن ئۇنىڭغا پۇل تەڭلىسەم، ئۇ: مەن خەقنىڭ بىكار پۇلىنى ئالمايمەن"دەپلا كېتىپ قالاتتى.

-- بەختىيار، ماۋۇ سومكامنى ئۆيگە ئاپىرىپ بەرگىنە،

پۇل بېرىمەن! —— دېدىم مەن بىر كۇنى ئۇنى سىناپ باقماقچى بولۇپ. ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپلا قېشىمغا كەلدى-دە: ”ئەكەلسىلە “دەپ كۆكتات سېلىنغان سومكامنى قولۇمدىن ئالدى.

مەن ئۆيگە بارغاندا، ئۇنىڭغا بىر كوي پۇل تەڭلىدىم.

—— ماڭا نېمانداق جىق پۇل بېرىلا؟ —— دېدى بۇ پۇلنى قولۇمدىن ئالماي تۇرۇپ.

—— جىق ئەمەس، ئاز تېخى. سەندىن باشقا بالا بولغان بولسا ئىككى كوي بېرەتتىم، ئاله.

بەختىيار پۇلنى قولۇمدىن ئەدەب بىلەن ئېلىپ ” رەھمەت ئاكا“ دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. مەن ئىشىك تۇۋىگە چىقتىمدە، ئانىسىغا ۋاپادار، كىچىكلىكىگە باقماي، ئەجرىسىز ياشاشنى نومۇس ۋە خورلۇق ھېس قىلىدىغان بۇ شاكىچىكنىڭ قارىسى يوقالغۇچە كەينىدىن قاراپ قالدىم.

1987-يىلى، سېنتەبىر، قاغىلىق.

# كىچىككىنە بېرىلگەن مۇكاپات

مېھمانخانىغا كىرىپلا ئۆزۈمنى دىۋانغا تاشلىدىم. بىردىنلا ئالدىمدىكى ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان كۆك سۇلياۋ تاشلىق خاتىرىگە كۆزۈم چۈشتى. مەن: ”قىزىم بۇ ئايدىن باشلاپ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى باشلىماقچى، قېنى، بىر كۆرۈپ باقاي، نېمىلەرنى يازدىكەن؟...“ دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەچ، خاتىرىنى قولۇمغا ئالدىم. خاتىرىنىڭ بىرىنچى بېتىگە مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

1990-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى

بۈگۈن ئۆيگە 3-سىنىپتا ئوقۇيدىغان دوستۇم ئالتۇنگۈل بىلەن بىللە قايتتۇق.

-- ئاداش، مۇئەللىممۇ يالغان گەپ قىلىدىكەن جۇمۇ! -- دېدى ئۇ تۇساتتىنلا.

-- كىم؟ -- مەن ھەم قىزىقىش، ھەم ھەيرانلىق بىلەن سورىدىم.

ئالتۇنگۈل ھېچبىر ئويلىنىپ تۇرمايلا:

-- سېنىڭ داداڭ، -- دېدى.

-- مېنىڭ دادام؟! -- مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمىگەندەك ياندۇرۇپ سورىدىم. يۈرىكىم خۇددى كۆكرەك قەپىزىمنى يېرىۋېتىدىغاندەك دەھشەت بىلەن سوقۇشقا باشلىدى. چۈنكى، دادام يالغان گەپ قىلىپتۇ ئەمەسمۇ؟.

مەن خاتىرىنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە: ”مەن قانداق

يالغان گەپ قىلىپ بالىلارنى ئالدىغاندىمەن؟ . . . دەپ بىر-دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئوقۇشنى يەنە داۋاملاشتۇردۇم:
-- ھە، سېنىڭ داداڭ، -- دېدى ئالتۇنگۇل، -- خاپا بولامسەن؟
-- نېمە دەپ؟
-- دادامنى يالغانچى دېدىڭ، دەپچۇ؟
-- ياقەي، -- دېدىم مەن خىجىللىقىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ،
-- دادام قانداق يالغانچىلىق قىلدى؟
-- بۇ بىر ئاي بۇرۇن بولغان ئىش، -- دېدى ئۇ قەدىمىنى سەل ئاستىلىتىپ، -- ئەتىگەنلىك مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى. داداڭ بىزنىڭ گېزىتلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ كىردى-دە، تارقىتىپ بولغاندىن كېيىن: "ماۋۇ ھۆسنىخەتنى قايسىڭلار ئوقۇيالىساڭلار بىر دەپتەر مۇكاپات بېرىمەن" دېدى. بىز خەتنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتۇق.
ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە ماڭا ھەممە ئىش ئايان بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، شۇ كۈنى مەن «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە بېسىلغان بىر پارچە ھۆسنى خەتنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئوقۇيالمىغان ئىدىم. بەزىدە شۇنداق ھەم كۈلكىلىك، ھەم تە-ئەججۇپلىنەرلىك ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ قالىدىكەن. ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن يېزىلغان بۇ خەت خۇددى يېڭى يېزىق خەتنىڭ يازمىچە خەت شەكلىگىلا ئوخشىغاچقا، سولدىن-ئوڭغا قاراپ ئو-قۇغان ئىدىم. شۇڭا مەن: مەن ئوقۇيالمىغان خەتنى 3-سىنىپ-نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇيالىشى ناتاين. "دېگەن ئويدا ئۇلارنى مۇسابىقىغا سالغان ئىدىم.
مەن خىيالىمنى توختىتىپ، خاتىرىنى ئوقۇشنى داۋام قىل-دىم:

ئاربدىن بىر مىنۇتمۇ ئۆتمەستىن يېنىمدا ئولتۇرغان تۇرسۇنئاي:
-- مۇئەللىم، بۇ ”ھۆنەر قىلسا ئۇنەر“ دېگەن خەتكەن، -- دېدى.
-- نېمە دېدىڭ؟ -- مۇئەللىم قولىدىكى گېزىتكە بىردەم سىنچىلاپ قاربدى-دە، ھە، شۇنداقكەن، شۇ. قېنى، مۇزاكىرەڭلەرنى قىلىۋېرىڭلار، -- دەپ قويۇپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.
بىز مۇئەللىمنى دەپتەر ئەكىرگىلى چىقىپ كەتتى بولغاي، دەپ پەرەز قىلىشىپ، تۇرسۇنئاينى ماختاشقا باشلىدۇق. ئەمما، داداڭ مۇكاپاتنى بەرمىدى. ئەتىسى، ئۆگۈنىمۇ ئۆتتى. لېكىن داداڭ تۇرسۇنئايغا مۇكاپات بېرىشنى ئۇنتۇپلا كەتتى. بىر دەپتەرغۇ چوڭ نەرسە ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئۇ مۇكاپات ئەمەسمۇ؟
-- شۇ.
-- بەزى باللار: بىزنىڭ مۇئەللىم يالغانچىكەن، ئۆزى بىزگە يالغان گەپ قىلماڭلار، يالغان گەپ قىلىش ناچار ئىللەت دەيدۇ، بىراق، ئۆزى. دېيىشىۋاتىدۇ.
مەن جىمپىلا كەتتىم. شۇ تاپتا قەلبىمنى كۈچلۈك خىجىللىق چىرمىۋالغان ئىدى. نېمىشقا خىجىل بولماي؟ چۈنكى مەن دادامنىڭ بالىسىدە! مەن كېتىۋېتىپ مۇنۇلارنى ئاستا پىچىرلىدىم: ”توۋا، چوپچوڭ بىر ئادەمنىڭ، يەنە كېلىپ بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ يالغان گەپ قىلىشى نېمىدېگەن ئۇياتلىق ئىش-ھە. باشتا ۋەدە قىلمىسا، ۋەدە قىلغاندىكىن ۋەدىسىدە تۇرۇپ، مۇكاپاتنى بەرسە بولمامدۇ؟ بىر دەپتەرگە چىدىمىغان ئادەم ئۆز ئوقۇغۇچىلىرى ئالدىدا پو ئېتىپ نېمە قىلار ئىدى.
قىزىمنىڭ تۇنجى يازغان كۈندىلىك خاتىرىسى ئەنە شۇنداق پىچىرلاش بىلەن ئاخىرلاشقان ئىدى. مەن شۇ تاپتا دېۋانغا، پاق! توغرىراقىنى ئېيتقاندا، بىر خىل خىجالەتنىڭ چوڭقۇر پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك بولدۇم. بەلكىم ئۆمرۈمدە بۇنچە-

لىك خىجىللىقتا قالمىغان بولغىيتتىم.

ئەتىسى سەھەردە تۇرسۇنئايغا ئالاھىدە ئىشلەنگەن بىر دانە خاتىرە مۇكاپات بەردىم. كىچىككىنە بىرلىگەن بۇ مۇكاپاتتا چاۋاك-لار شۇنداق چىڭ ئۇرۇلدىكى، بۇ چاۋاكلار بالىلاردىن سورىغان ئەپۇلىرىمنى بىسىپ چۈشۈپ، ماڭا سەبىي غۇنچىلارغا ھەممە ئىشتا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ئۈلگە بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدۇردى.

1990-يىلى، مارت، قاغىلىق.

# ئۆزىنى ئالداش

ئەلى كېچە سائەت ئىككى-ئۈچلەردە ئوپېراتسىيىدىن ئېلىپ چىقىلىپ، «تېز قۇتقۇزۇش» بۆلۈمىگە ياتقۇزۇلدى. ئاتا-ئانا ۋە سېستىرالار ئەلىنىڭ بېشىدا خۇددى پەرۋانىدەك ئايلانماقتا ئىدى. دەل شۇ چاغدا، بىر سېسترا قىز ئاق تەخسىنى كۆتۈرۈپ كىردى-دە، ئۇنىڭدىكى ئۆرۈك ئۇچكىلىرىنى ئاۋۇت ئاكىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

-- مانا بۇ ئوغۇللىرىڭىز قورسىقىدىن چىققان 30 دانە ئۆرۈك ئۇچكىسى، -- دېدى.

ئاۋۇت ئاكا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي: ”بۇ... بۇ. “ دېگىنىچە ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ ئىش ئەسلىدە مۇنداق بولغانىدى.

ئەلى ئەتىگەن ئىككى مو پۇلنى سىقىمدىغىنىچە، ئۆرۈك سېتىپ ئولتۇرغان بىر بوۋاينىڭ ئالدىدا توختىدى-دە:

-- بوۋا، ئۆرۈكنى بىر موچەنگە قانچىدىن ساتىلا؟ --دەپ سورىدى.

-- ئوندىن ساتىمەن، بالام، -- دېدى بوۋاي خېرىدارلاردىن پۇل ئېلىۋېتىپ.

-- ئەكىتىدىغانغا نەرسەم يوق، ئۆرۈكنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇچكىسىنى ساناپ پۇل بەرسەم بولامدۇ؟

-- بولىدۇ، بولىدۇ، خىللاپ يەۋەر، بالام.

ئەلى زوڭ ئولتۇرۇپ ئۆرۈكتىن بىرنى ئاغزىغا سېلىپلا، "پاھ، نېمىدېگەن سۇلۇق، شېرىن ئۆرۈك-بۇ!" دەۋەتتى پىچىرلاپ ۋە: "ھەي، يەنە ئىككى مو پۇلۇم بولسىچۇ، 20 ئۆرۈككە قورسىقىم رازى بولىدىغاندەك ئەمەس. 'دەپ ئويلاپ قالدى. ئويلىدى-يۇ، شۇ ھامان يەنە بىر ئەقىل تاپقاندەك بولدى-دە، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۆرۈكنى خىللاپ تازا ئىشتىھا بىلەن يەۋەردى. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر ئولتۇرۇشتىدا ئۆرۈكتىن 50نى يەۋەتتى.

-- ئەمىسە ئۇچكىلەرنى ساناپ باقسىلا، -- دېدى ئەلى ئۇچكىلەرنى بوۋاينىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ.

-- ھە، توپتوغرا 20 ئۆرۈك يەپسەن، قېنى، پۇلنى تۆلىۋەت، -- دېدى بوۋاي ئۇچكىلەرنى بىر-بىرلەپ ساناپ كۆرگەندىن كېيىن.

ئەلى بەش موچەنلىك ئۆرۈك يەپ، ئىككى موچەن بەردى-دە، خېلىلا تومپىيىپ قالغان قورسىقىنى سىيلاپ ئورنىدىن تۇردى ۋە مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ: "تازا جايلىدىم-دە، بۇ يېزىلىق تومپاينى"دەپ پىچىرلىغىنىچە ئۆيىگە قايتتى.

* *

ئۇنىڭ ئاشقازىنىدىن ئېلىنغان 30 ئۇچكە دەل ئەتىگەن ئارتۇق يەۋالغان 30 دانە ئۆرۈكنىڭ ئۇچكىسى ئىدى.

-- دوختۇر، -- دېدى ئەلىنىڭ دادىسى ئۈچكىلەرنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان سېستىرا قىزنى چاقىرىپ، -- ئۆچكىلەر بۇگۈنچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئوغلۇم ھوشىغا كەلگەندە ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن بىر كۆرسۇنمىكىن دەيمەن.

سېستىرا ماقۇل بولۇپ، ئۆچكىلەرنى ئەلىنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدىكى تومپۇچكا ئۈستىگە قويۇپ قويدى. مانا ئەمدى ئەلى ھوشىغا كەلگەندە ئۆچكىلەرنى كۆرۈپ، بوۋاينى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەر.

1987-يىلى، ئىيۇن، قاغىلىق.

## ”مېنى كەچۇرۇڭلار“

داۋاملىق ۋېلسىپىت بىلەن يول يۈرۈپ كۆنۈپ قالغاچقى-مۇ، بۈگۈن 20 كىلومېتىر يولنى پىيادە مېڭىش ماڭا ھەقىقەتەن ھار كەلگەندى. سوغۇقتىن قورقۇپ كېيىۋالغان جۇۋامنىڭ ئېغىرلىقىچۇ، تېخى! ھاردۇقۇمنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن يول ياقىسىدىكى سۆگەتكە يۆلىنىپ بىردەم ئولتۇردۇم، ئارىدىن بىر-ئىككى مىنۇت ئۆتسە كېرەك، بىر بالا ئات ھارۋىسىنى چاپتۇرۇپ كەلدى.

-- توختىغىنا، ئۇكام، -- مەن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇر-دۇم-دە، بالىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىن ھارۋىغا چىقىۋالدىم، قولۇمدىكى خۇرۇم سومكىنى جايلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، جۇۋىغا چىڭ ئوراندىم.

ئۆيگە يېتىپ كېلىپ ھارۋىدىن چۈشۈپ تۇرۇشۇمغا، ئى-شىك ئالدىدا ئويناۋاتقان چوڭ ئوغلۇم ئېزىز ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە:

-- دادا، ماڭا دەپتەر ئالغاچ كەلدىڭمۇ؟ -- دەپ سورىدى. مەن: ”ئالغاچ كەلدىم“ دېدىم-يۇ، بېشىم پىررىدە چۆگىلەپ كەتتى. چۈنكى ھارۋىدا سومكا يوق تۇراتتى.

-- ئاپلا، سومكا يوق تۇرىدىغۇ، ئىچىدە ئەتىگەن بانكىدىن ئالغان ئىككى مىڭ كوي پۇل بار ئىدى. ئېزىز، ماڭ، ۋېلسى-پىتنى ئەپچىقىپ بەر!

مەن كەلگەن يولۇمغا قاراپ چاپتىم. بەش كىلومېتىرچە مېڭىۋېدىم. ئالدىمغا ئېشەك هارۋىسى هەيدىگەن، بوينىغا قىزىل گالىستۇك تاقىۋالغان يۇنۇس ئۇچرىدى. ئۇ ئوغلۇم ئېزىزنىڭ ساۋاقدىشى ئىدى.

-- زايىتكا، شۇمكىللىرىنى مەن ئالغاچ كەلدىم.

مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشتۈم. ئۆتكەندە يۈز بەرگەن مۇنۇ ئىشلار كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئوغلۇم ئېزىزنىڭ ساۋاقداشلىرى هەر كۈنى بىزنىڭ ئۆيگە يىغىلىپ تاپشۇرۇق ئىشلەيتتى، تۇنۇگۈن يەنە كىرىشتى.

-- ئېزىز، --دېدىم مەن ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، -- يۇنۇس دېگەن بىر نېمىنى ئۆيگە ئىككىنچى كىرگۈزگۈچى بولما

-- نېمىشقا؟ -- سورىدى ئېزىز هېچنەرسىنى چۈشەنمەي.

-- يۇنۇسنىڭ دادىسى بىر ئوغرىلىق ئەنزىسىگە چېتىلىپ قېلىپ بىر يىللىق قاماق جازاسى بىلەن ئېلىپ كېتىلگەن، ئۇ ئوغرىنىڭ بالىسى، -- دېدىم مەن چۈشەندۈرۈپ.

-- دادىسى ئوغرى بولغان بىلەن، يۇنۇس ئوغرى ئەمەسقۇ؟

-- ”ئالا قۇيرۇقنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق“تە!

دادا، ئۇنداق دېمە، ئۇ دەرستە هەممىمىزدىن ئۇستا، بىز ئۇنىڭغا بەك ئامراق. ئۆتكەندە مۇئەللىم ئۇنىڭغا بىر پاختىلىق چاپان تىكتۈرۈپ كىيگۈزۈپ قويدى. بىزمۇ بەش موچەندىن پۇل

يىغىش قىلىپ ئۇنىڭغا بىر قىشلىق ئۆتۈك ئېلىپ بەردۇق.
-- سەنمۇ پۇل چىقاردىڭما؟ -- سورىدىم مەن قوپالغىنە.
-- ھەئە، سەن بەرگەن بەش موچەننى بەردىم.
مەن "غۇژژىدە" كەلگەن ئاچچىقىمنى يۇتۇۋەتتىم-دە، بۇ-دىن كېيىن يۇنۇسنى ئۆيگە كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا ئېزىزغا قايتا-قايتا جېكىلىدىم.
-- دادا، ماڭا بىر كوي ئىككى موچەن بەرگىنە، -- دېدى ئېزىز بىر كۈنى.
-- نېمە قىلىسەن؟! -- دېدىم ئېزىزغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ.
-- «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە مۇشتىرى بولات-تىم.
-- تۈنۈگۈن بەرگەن بىر كوي پۇل قېنى؟
-- يۇنۇسنىڭ پۇلى يوقكەن، مەن ئۇنى «تارىم غۇنچىلى-رى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى قىلىپ قويدۇم.
-- مەن پۇل تېپىپ ھەرقايسىڭنى بېقىشنىڭ كويىدا يۈر سەم، سەن بۇزۇپ-چېچىپ خەقنىڭ بالىلىرىغا دۇئا قىلدۇرغىلى تۇردىڭمۇ!؟ -- مەن ئاچچىقىمنى باسالماي، ئېزىزغا بېرىدىغان پۇل ئورنىغا ئىككى تەستەك ئۇرغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قالدىم.

* *

-- تۇرۇپلا قاللىغۇ، زايىتكا، بەك توڭۇپ كەتلىمۇ نېمە؟
-- ياق... ياق.. مەن شۇنى ئاران دېيەلىدىم. يۇنۇس

سۆزىنى داۋام قىلدى:

-- كېۋەزنىڭ پۇلىنى ئالغىلى پاختا پونكىتىغا بېرىپتىم، كېلىۋاتسام يولدا بۇ سومكا ئۇچراپ قالدى. ئېچىپ قارىسام بىرمۇنچە پۇل تۇرىدۇ، قورقۇپ كەتتىم، يەنە بىرمۇنچە دەپتەر-مۇ باركەن. دەپتەرلەرگە: "ئېلى زايىت" "ئېزىز زايىت" دەپ يېزىقلىق تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم ئارام تاپتى. ھېلىمۇ ياخشى دەپتەرلەرگە ئېزىز بىلەن ئېلىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قو-يۇپتىكەنلا، بولمىسا ئىگىسىنى تاپمىقىم تەس بولۇپ قالىدىكەن.

شۇ تاپتا ئۇستۇمدىن چەكسىز سۆيۈنۈش، قاتتىق خىجالەت كەلكۈن بولۇپ بېسىپ چۇشۇۋاتاتتى. قەلبىمدە بولسا مۇنۇ سادا ياڭرايتتى:

يۇنۇس، ئېزىز، بالىلىرىم، مېنى كەچۈرۈڭلار!

1986-يىلى، فېۋرال، قاغىلىق.

# ساۋاقداشلار

”بىچارە سادارىبەگنىڭ ئىككى-ئۈچ كۈندىن بېرى جېنى ئاز قالدى، بۈگۈن چۈشتىمۇ ئارام ئالماي ئورما ئوردى ئۇ بىچارە ئادىشىم. دادىسىنىڭ يامان ۋاقتىدا ئاغرىپ قالغىنىنى قارىماـ دىغان؟ ئانىسىمۇ نادىر كامغا قارايمەن، دەپ دوختۇرخانىدا تۇـ رۇپ قالدى. ئورما ئورۇش سادارىبەگكىلا قالدى ئەمەسمۇ؟ ھە راست، ئۇلاغ-ئىلمەكلەرمۇ شۇنىڭغا قاراشلىق تېخى! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇغدايلىرى ساپلا تۆكۈلۈپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ. مەن ئەتىدىن باشلاپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىشىم كېرەك. بىراق، يەتتە يېرىم مو بۇغداينى ئىككىمىز يالغۇز قانداق ئورۇپ بولارمىز؟ قانداقلا بولمىسۇن مەن قاراپ تۇرماسلىقىم كېرەك. چۈنكى مەن پىئونېر ئەمەسمۇ؟.“

دادىسى بىلەن ئورما ئورۇپ، ئورمىلىقتىن كەچ ئۆيگە كىرگەن 12 ياشلىق ئەركىن ئانىسى پىشۇرۇپ قويغان چۆچۈرىـ نى ئىچىشكە باشلىدى. پۈتۈن زېھنى بىلەن يۇقىرىقىلارنى خىـ يال قىلىپ كەتكەن ئەركىنگە شۇ تاپتا ئىچىۋاتقان چۆچۈرىمۇ تېتىمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەقەتلا يوغان كۆز، قارا قاش، قاڭشارلىق كەلگەن تاجىك ئوغلى سادارىبەگنىڭ شاپىلدىتىپ ئورـ ما ئورۇۋاتقان سىماسى گەۋدىلەنمەكتە ئىدى. ساۋاقدىشىنىڭ پېژغىرىم ئىسسىقتا قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆـ رۈپ تۇرغان ئەركىن چۆچۈرىنى قانداقمۇ لەززەتلىنىپ ئىچەلىـ

سۇن؟

«ساۋاقداشلىرىمغا بۇ ھەقتە مەسلىھەت سېلىپ باقايمۇ-يا؟ بەلكىم ئۇلارنىڭمۇ سادارىبەگكە ياردەم قىلغۇسى باردۇ؟» خىيالىنىڭ ئاخىرىدا شۇلارنى قارار قىلغان ئەركىن يېرىملاشقان ئىشىنىمۇ تاشلاپ سىرتقا قاراپ يۈگۈردى.

-- ئەركىن، نەگە بارىسەن؟

-- ھېچنەرگە، ھازىرلا كىرىمەن، ئانا!

ئەركىن يان قوشنىسى پولاتنى چاقىرىپ سۆزلەشتى.

-- داداڭ ئۇنامدۇ؟ -- سورىدى ئەركىن ئاستا پىچىرلاپ.

-- ئەلۋەتتە ئۇنايدۇ. تۈنۈگۈن دادام ئاكامغا: بالدىركامنىڭ ئوغلىغا بەك ئۇۋال بوپتۇ. ھە-ھۇ قىلىپلا ئورمىنى ئورۇۋەتسەك بولاتتى» دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

ئۇنداق بولسا ياخشى.

-- ھەممە باللارغا خەۋەر قىلىۋېتەيلى، -- دېدى پولات ئالدىراپ.

-- ئەمىسە سەن مېنى بىردەم ساقلاپ تۇرغىن. ھازىر سادارىبەگ ئورمىلىقتا. مەن ئۇنىڭغا بىر قاچا ئاش ئېلىۋالاي.

-- مەن ئۇنىڭغا ھازىرلا ئاش ئاپىرىپ بېرىپ كەلدىمغۇ؟

-- ئۇنداق بولسا، بوپتۇ ئەمىسە، باللارغا خەۋەر قىلىۋېتەيلى.

30 نەچچە پىئونېر ئۈچ كۈن جاپالىق جەڭ» قىلىش ئارقىلىق يەتتە يېرىم مو بۇغداينى ئورۇپ، خامانغا ئەكىلىپ بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيىتىدىن تەسىرلە-

نىپ ياردەمگە كەلگەن چوڭلارمۇ خېلى كۆپ بولدى.

ساۋاقداشلار خاماندا سۇنايلىنىپ ياتقىنىچە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ چېھرىدىن غەلىبە شادلىقى پارلاپ تۇراتتى.

—— قانداق، ئاغىنىلەر، —— دېدى ئەركىن خېلى ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرگەن كۈلكە-چاقچاقلاردىن كېيىن، —— دادام ئەتە سادار بەگنىڭ بۇغدىيىنى سوقۇپ بېرىدىغان بولدى. سادار بەگ ئىككىمىز ئۇنچە سىلىپ ئۇلگۇرۇتۇپ بولالمايمىز. شۇڭا ئەتە بىر كۈن.

—— ئۆزەڭ چىدىيالىساڭ، بىزدە گەپ يوق جۈمۇ، ئەركىن-جان، —— دەپ چاقچاق قىلدى پاتىگۈل ئەركىننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

—— 30 غا چىداپ، توققۇزغا چىدىيالمايدىغان بىلى بوشلار-دىن ئەمەس جۈمۇ بىز، —— دېدى پولات.

—— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، —— دېدى ئەركىن ۋە سادار-بەگكە قارىدى.

بۇ چاغدا سادار بەگنىڭ ئىسسىق ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىغان ئىدى.

1989-يىلى، ئىيۇل.

# ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق

قولۇمدا خالتا، كېتىۋاتىمەن. خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك، ئاسمانغا چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

"تەھرىر بۆلۈمىدە بىرەر تونۇش-بىلىشىڭ بولسا، ياكى ئازدۇر-كۆپتۇر نەپ بەرمىسەڭ ئەسىرىڭنىڭ ئېلان قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس!" چوڭىنىڭمۇ، كىچىكىنىڭمۇ ئاغزىدا شۇ گەپ، ھەممىسى ماڭا كۆيۈنۈپ شۇنداق مەسلىھەت بېرىشتى. دادام تېخى ماڭا گۆلە قاچىلانغان بىر خالتا تەييار قىلىپ بەردى. مەن ئاخىرى شۇنداق قىلدىم.

بىرەر ئايلاردىن كېيىن دادام بىلەن شەھەرگە كىرگەچ، ئۆزۈمنىڭ شۇ ئىشىمغا بىر يولۇقۇپ باقماقچى بولدۇم.

-- مەن كىرمەي، ئۆزۈڭنىڭ ئىشى بولغاندىكىن، ئۆزۈڭ كىرىپ كۆرۈشۈپ چىققىن، -- دېدى دادام ۋە مېنى ساقلاپ گېزىتخانا دەرۋازىسى ئالدىدا قالدى. مەن ئۆزۈم ئىزدىمەكچى بولغان تەھرىر ئىشخانىسىنى سوراپ يۈرۈپ ئاران تاپتىم-دە، ئىشىكنى ئاستا ئاچتىم.

-- ھە، كېلىڭ ئۇكام، -- چاچلىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر كىشى مېنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى، -- قېنى، ئولتۇرۇڭ، قەيەردىن كەلدىڭىز؟

مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇۋېدىم، تەھرىر:

-- ھە، ۋەلى قادىر دېگەن سىزما؟ -- دەپ سورىدى.
-- ھەئە.
-- قانچىنچى سىنىپتا ئوقۇيسىز؟
-- 6-سىنىپتا.
-- ياخشى، ناھايىتى دەل ۋاقتىدا كەپسىز جۇمۇ! قاراڭ، سىزنىڭ «چولپان بىلەن سۆھبەت» دېگەن شېئىرىڭىزنى ھازىرلا تەھرىرلەپ پۈتتۈرۈپ قويدۇم، -- دېدى تەھرىر. ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇتاپتا مېنىڭ: 'بىر خالتا گۈلنىڭ كۈچى-دە، گۈلە ئەۋەتمىگەن بولسام، ماڭا خۇددى ئۆز دادامدەك بۇنچىۋالا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كېتەمتى؟ ھەي، بالدۇرراق ئەۋەتىدىغان گەپكەن-دە، گۈلنى. بۇ چاققىچە بىرمۇنچە شېئىرلىرىم چىقىپ بولاركەن. ئىسىت، ئىسىت! ئۆيدىكى گۈلنى ئالغاچ كەلسەممۇ بولۇپتىكەن. دادام: ئىشخانىغا خالتا كۆتۈرۈپ كىرگىلى بولمايدۇ، دېسە، ماقۇل دەپتىكەنمەن. ئىشخانىدا ئۆزىدىن باشقا ئادەممۇ يوقكەن ئەمەسمۇ. مەيلى كېيىن ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرەرمەن...' دېگەن خىياللىرىمغا چىرمىشىپ كېتىۋاتاتتى.
-- سىزگە ئەسلى بىر پارچە خەتمۇ يازماقچى بولۇپ تۇراتتىم، -- دېدى تەھرىر سۆزىنى داۋام قىلىپ.
مانا، مەن دېمىدىممۇ، ئۇ ماڭا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەچ، رەھمەت-تەشەككۇر خېتى يازماقچى ئىكەن-دە!
-- قاراڭ، "جىمىرلايدۇ ئاسماندا، سانسىزلىغان چولپانلار" دەپ يېزىپسىز. ئاسماندا چولپان بىرلا بولامدۇ ياكى سان-

سىز بولامدۇ؟ -- تەھرىر ماڭا سەممىيلىك يېغىپ تۇرغان كۆزىنى مىختەك تىكىپ سورىدى. مەن گەدىنىمنى قاشلىدىم، يۈزۈم چىملداپ بايىقى سۆيۈنۈش، ھاياجانلىرىمغا خىجالـەت ئارىلىشىشقا باشلىدى.

-- شېئىردىكى ئىدىيىۋى مەزمۇن چوڭقۇر، پىكىر يېڭى بولغاچقىلا ئىشلەتمەكچى بولدۇق. بۇندىن كېيىن مەنتىقىغە، تۇراق، ۋەزىنلەرگە بەكرەك ئېتىبار بېرىڭ، -- دېدى تەھرىر ياندىكى ئىشكاپنى ئېچىۋاتقاچ، -- بۇ شېئىرىڭىزنى گېزىتىمىز-نىڭ مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىكى سانلىرىدىن كۆرۈۋېلىڭ، -- دېگەنىنمۇ قوشۇپ قويدى ئاخىرىدا.

بۇنى ئاڭلاپ بايىقى خىجالەتلىرىم توزغاقتەك پۇررىدە تو-زۇپ كەتتى. سەبىي يۈرىكىم شادلىقتىن يايراپ كەتتى-دە، ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم. ئاھ، مېنىڭ شېئىرىم، تۇنجى شېئىرىم گېزىتكە بېسىلىدىكەن! مەن شائىر بولدۇم!

بىراق. . . ئاھ، نېمىدېگەن دەھشەت مەنزىرە-بۇ!؟ مېنىڭ بايىقى شادلىققا چۆمگەن يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ، ئار-قىدىنلا زەربە بىلەن كۆكرىكىمگە ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، بېشىم قايغاندەك بولدى. چۈنكى تەھرىر ئىشكابىدىن ماڭا تاھايىتىمۇ تونۇش بولغان، تېخى ئاغزىمۇ ئې-چىلمىغان بىر خالتىنى ئالغان ئىدى.

قولۇمدا خالتا، كېتىۋاتىمەن. خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك، ئاسمانغا چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن. .

1989-يىلى، دېكابىر، قاغىلىق.

# يولدا

دادام كۆمۈركاندا ئىشلىگەچكە، پات-پات تاغارغا كۆمۈر قاچىلاپ قوياتتى-دە، مەن ئىشەك هارۋىسى بىلەن ئېلىپ چىقاتتىم. بۈگۈنمۇ مەن كۆمۈركانغا كىرىپ كەلگەندە، دادام يولۇمغا قاراپ تۇرغان ئىكەن.

-- بالام، گېرىڭلادىن چىقىپ بولغۇچە هارۋىغا چىقما-ھە!

-- دادام ئادىتى بويىچە قايتا-قايتا جېكىلەپ يولغا سالدى.

مەن يولغا چىققاندا پېشىن بولاي دەپقالغانىدى. ئەگەر ئىتتىك ماڭمىسام ئۆيگە بارغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى. گېرىڭلا جىلغىسى يىلان باغرى سوزۇلۇپ كەتكەن تار جىلغا بولۇپ، ئادەمنىڭ جەينىكىدەك ئەگمىلەر ھەر 70-80 مېتىردا بىر ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول ئوتتۇرلىرىدىمۇ ھەر قورام تاشلار چوقچىيىپ تۇرغاچقا، پەخەس بولۇپ ھەيدىمىسە، هارۋا ئۆرۈلۈپ كېتەتتى. جىلغىدىن چىقىپ بولۇش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ سائەت ۋاقىت كېتەتتى.

بىر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، ”ئەسكى ئېقىن“غا يېتىپ كەلدىم. بۇ ئېقىن ئىسمى-جىسمىغا لايىق ”ئەسكى“ بولۇپ، ھەرقانداق نوچى ئېشەكنىمۇ ئۆزىنى تونۇتۇپ قوياتتى، بۇيەردە مەن دېمەتلىك بىر ئوغۇل بالا ئېشەكنى ”خىت-خىت“لىغاچ، هارۋىسىنى ئىتتىرىش بىلەن ئاۋارە بولىۋاتاتتى. چاقى بىر غېرىچ ئىلگىرلىسە، چاق ئاستىغا بىر تاش

قويۇپ تۇراتتى. مەن ئېشىكىمنى چاپتۇرۇپ يېنىدىن ئۆتكەچ، ئۇنىڭ ئېشىكىگە قارىدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېشىكىنىڭ بەللىرى خۇددى قىسماقتەك ئېگىلىپ قالغانىدى. مېنىڭ ئېشىكىم بولسا ئانچە بەك كۆچىمەيلا ئېقىننىڭ ئۇستىگە چىقىپ بولدى. مەن خۇرسەنلىكىمنى بـاسـالـمـاي: ”يارايسەن، ئېشەكىم!“ دەۋەتتىم-دە، مېڭىشقا تەمشەلگەچ، ئۇنىڭغا نەزەر سالدىم. بالا مېنىڭ ماڭماقچى بولىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ:

-- ئاداش، هارۋامنى ئىتتىرىشىپ بەرسەڭچۇ، يېرىم سائەتچە بولدى، ئېشىكىم تارتالمىدى، -- دېدى.

-- مەن بەك ئالدىرايمەن، ئاداش، ئۆزۈڭ بىر ئامال قىل، -- مەن شۇنداق دېدىم-دە، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن تايىقىمنى قولۇمغا ئالدىم. بالا يىغلىنىپ تۇرۇپ يەنە دېدى:

-- ئۇنداق دېمەي، ياردەم قىلساڭچۇ! بىر-بىرىمىزگە هەمراھ بولۇپ ماڭىمىز.

مەن: ”توخۇدەك نەرسىنى ئېشەك دەۋاتقىنىنى“! دەپ ئۇنى ئىچىمدە مەسخىرە قىلدىم ۋە ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرىنى ئاڭلىماسلىققا سالدىم-دە، مېڭىپ كەتتىم. بالا بويىنىنى قىسقان هالدا ئارقامدىن قاراپ قالدى.

مەن جىلغىدىن ساق-سالامەت چىقىپ بولۇپلا هارۋىغا لىككىدە ئولتۇرۇۋالدىم. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، چوڭ يولدىن ئايرىلىپ بىزنىڭ ئۆيگە بارىدىغان يولغا كىردىم.

هاۋا سوغۇق بولۇشقا قارىماي، يول پاتقاق ئىدى. پاتقاقنىڭ قېلىنلىشىغا ئەگىشىپ ئېشەكىمۇ خارقىراپ ئاستىلاشقا باشلى-

دى. ھارۋىدىن چۈشۈۋېلىشنىمۇ ئويلىدىم. بىراق يول سۇ ئارىلاش پاتقاق بولغاچقا، ئايىغىمنىڭ لاي بولۇپ، پۇتۇمنىڭ توڭلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. جالاق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ھارۋام ئىزىدىلا توختاپ قالدى. مەن "خىت-خىت!" دەپ جېنىمنىڭ بېرىچە تۈۋلىغاچ، قولۇمدىكى جىگدە تايىقى بىلەن ئېشەكنى ئۇرۇپ، ئېشەك بولۇپ قالغىنىغا تويغۇزىۋەتكەن بولسامۇ، ئېشىكىم بايىقى بالىنىڭ ئېشىكىدەك خارقىراپ، بەللىرى ئېگىلىپ چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. داڭلىغان ئېشىكىمنىڭمۇ يېلى چىقىپ، ئاخىرى مېنى پاتقاقتا دەسسەشكە مەجبۇر قىلدى.

ئېشەكنى "خىت-خىت" دېگەچ، ھارۋىنىڭ شوتىسىدىن تۇتۇپ سۆرەشلىرىم، چاقنىڭ سىمىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىشلىرىم، قولۇم بىلەن لايلارنى تارتىپ، تۆمۈقىم بىلەن قۇرۇق توپا ئەكىلىپ تۆكۈشلىرىمنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتتى. ھارۋام خۇددى يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەك يا ئالدىغا، يا كەينىگە مىدىرلىمايۋاتاتتى. مەن ئاخىرى يول سىرتىغا چىقىپ توڭلاپ كەتكەن پۇتۇمنى ئىسسىتىش ئۈچۈن يەرگە تېپىشلەشكە باشلىدىم. بىرەرسىنى ياردەمگە چاقىرساڭ بولمامدۇ، دەپ سوراۋاتامسىز؟ ئەتراپنى تىكەن، قومۇش قاپلاپ كەتكەن بۇ ساسلىقتا كىمنىمۇ ياردەمگە چاقىرىمەن؟

مەن پاتقاقلىقتا بىر سائەتچە دۈگدىيىپ ھېلى ئالدىمغا، ھېلى كەينىمگە قاراپ، بىرەر كىمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. كۈنمۇ ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ بولدى. مەندە قور-

قوْنچ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. چۈنكى ئۆيگە يەنە بىر سائە-
ەت ماڭسام ئاران بارالايتتىم. ھەي... قىر-
لىن پايپىقىمنى نېمىشقىمۇ سېلىۋەتكەن بولغىيتتىم. بۇ قو-
مۇشلۇقتا ياۋا توڭگۇز بار، دەپ ئاڭلىغانتىم، قانداق قىلارمەن
ئەمدى؟ ئەتىگەن كانغا كىرگىلى ئۇنىمىسامىمۇ بولۇپتىكەن..
" بۇ خىيالىمنى كەينىمدىن كېلىۋاتقان ھارۋا ئاۋازى بۆلىۋەت-
تى. مەن ھارۋامنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇردۇم. لېكىن ھارۋا
يېقىنلاپ كېلىشى بىلەنلا قەلبىمدىكى ئۈمىد شامى لاپلا ئۆچۈپ
شادلىقىم غايىپ بولدى. چۈنكى ھارۋىنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقىنى
باشقا بىرسى بولماستىن، بايىقى بالىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. مەن
دەرھال ھارۋىنىڭ چاقى بىلەن ھەپىلەشكەن بولۇپ تۇرۇۋالدىم.
"ئاداش، ھارۋام پېتىپ قالدى. ئىتتىرىشىپ بەر، دەپ يالۋۇ-
رۇپ باقايمۇ-يا؟ ياق، قايسى ئاغزىم بىلەن شۇنداق دەيمەن؟
ھەي. مەنمۇ راسا ئەخمەقكەنمەن. ئۇنىڭ توخۇدەك ئېشىكى
مۇشۇ پاتقاقلىقتىن پېتىپ قالماي چىقىپ كېتەمتى. ئۇ ماڭا
باياتىنقىدەك يالغۇزلۇق تۇرمىسا تېخى!" مەن شۇلارنى
ئويلىغاچ، چاق ئارىسىدىن بالىغا قاردىم.
"ئۇنىڭمۇ ئېشىكى بىر پېتىپ قالسىدى، ئاندىن بىر-بىرىمىزنىڭ
ھارۋىلىرىنى ئىتتىرىشىپ چىقىرىۋالاتتۇق" دەپ ئويلىدىم. بىر-
راق ئۇ ھارۋىسىنى مەن ھەيدىگەن يەر بىلەن ھەيدىمەي، يولنىڭ
سىرتىدىكى چىغىر يول بىلەن ھەيدىگەچكە، ھارۋىسى پېتىپ
قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مەندىن ئىككى يۈز مېتىرچە ئۆزاپ
كەتتى. "ئەستاغپۇرۇللا، باياتىن مەن ئۇنىڭ ھارۋىسىنى ئىت-

تىرىشىپ بەرگەن بولسام، ئۇمۇ هازىر مېنىڭ هارۋامنى ئىتتى-
رىشىپ بېرەتتى-هە؟» مەن قاتتىق پۇشايمان ئىچىدە بالىنىڭ
ئارقىسىدىن خېلى ئۇزاق بويىنۇمنى قىسىپ قاراپ قالغاندىن
كېيىن ئىلاجىسىز لايلارنى يەنە قولۇم بىلەن تاتىلاشقا باشلىدىم.
-- ئاداش، ئېشىكىڭ تارتالمىدىمۇ؟
بۇ سوئال مېنى چۆچۈتىۋەتتى. قارىسام، بايىقى بالا ئالدىم-
دا تۆمۈر گورجەكنى تۇتۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ.
-- هە.. هەئە. تار. تارتالمايۋاتىدۇ، -- مەن
كېكەچلەپ قالدىم.
-- مەن هەيدىگەن يەر بىلەن هەيدىگەن بولساڭ، بۇ پېش-
كەللىك بولمايتتى. هەي ...، -- ئۇ شۇنداق دېدى-دە، گور-
جەك بىلەن چاقنىڭ ئاستىدىن لايلارنى تارتىشقا باشلىدى. مەنمۇ
ئىشقا كىرىشتىم.
-- نېمە قىلىۋاتىسەن؟ -- دېدى ئۇ لايلارنى قولۇم بىلەن
تارتىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، كۆيۈنگەن تەلەپپۇزدا، -- مەندە
گورجەك بولغاندىكىن قولۇڭنى لاي قىلما. قولۇڭ ئۇششۇپ
قالسا، ئەتە سېغىزدەك يېرىلغىلى تۇرىدۇ.
ئۇنىڭ بۇ سەممىي سۆزلىرى مېنى خىجالەت پاتقىقىغا
پاتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن هارۋامنى پاتقاقتىن چىقىرد-
ۋالدىم. لېكىن ئۆزۈم خىجالەت پاتقىقىدىن ئۇزۇنغىچە چىقى-
مالىدىم. هەتتا «رەھمەت، ئاداش» دېگەن سۆزنىمۇ ئاغزىمدىن چىقىرالماي قالدىم.

1989-يىلى، فېۋرال، قاغىلىق.

# پىغانلىق خەت

ئاپرېل ئېيى كىرىپ، ھاۋا ئىسسىپ قالغىنىغا قارىماي،
ئۇ تېخى قىشلىق كىيىملىرىنى تاشلىمىغانىدى. بېشىغا بىر
تەرىپى يىرتىلىپ ساڭگىلاپ قالغان بوز تەلپەكنى چۆكۈرۈپ
كىيىۋالغان. بورا ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرىۋەرگەچكىمۇ، زى-
غىر رەڭ نىلۇن ئىشتىنىنىڭ تېشىلىپ كەتكەن تىزلىرىدىن
لېپەكلىرى ماراپ قالغانىدى. يۇپيۇمىلاق يۈزى ئاناردەك قىزى-
رىپ كەتكەن 12 ياشلاردىكى بۇ بالا ئالدى-كەينىگە ئالمان-تالمان
قاراپ قويۇپ ھاسىراپ-ھۆمۈدېگىنىچە ناھىيىلىك پوچتا-تېلېگ-
راف بىناسىغا كىرىپ كەلدى-دە، قارا كاجى جىلىتكىسىنىڭ
ئىچ يانچۇقىدىن پۈرلىشىپ كەتكەن ئىككى ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ
دېرىزە تەكچىسىگە قويدى ۋە جىگدە ئۇرۇقىدەك قالغان قېرىندى-
شىنى قەغەز ئۈستىدە چاققانغىنە يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇ
يېزىشتىن بىردەم توختاپ قالدى-دە، ئاۋۋال تېڭىقلىق تۇرغان
ئوڭ قاپىقىنى ئاستا سىيلاپ قويغاندىن كېيىن، كۆكۈرۈپ كەت-
كەن بارماقلىرىنىڭ ئۈستىگە ئېچىنىش بىلەن قاراپ، ئويچان
قارا كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى. بۇ بالا شۇتاپتا شۇنداق
پەرىشان، شۇنداق مىسكىن ئىدىكى، ئانىسىدىن تۇغۇلۇپلا يېتىم
قالغان كېيىك بالىسىغا ئوخشايتتى.

بالا خەتنى يېزىپ بولۇپ تەلپىكىنىڭ قېتىدىن پۈرلىشىپ
كەتكەن پارچە پۇللىرىنى ئالدى-دە، ماركا، كونۋېرت سېتىۋې-

لىپ، ئادرېس يازدى ۋە قوللىرى تىترىگەن هالدا ماركا چاپلاپ خەت ساندۇقىغا تاشلىــــدى.

* *

—— ئايۇپتىن خەت كەپتۇ، —— مۇئەللىم بالىلارغا ئۇلتۇ. رۇش ئىجازىتى بەرگەندىن كېيىن ئەلەم بىلەن شۇنداق دېدى.

—— سىلىگىمۇ؟ —— ئالدىراپ سورىدى ئايۇپنىڭ بۇرۇنقى پارتىدىشى.

—— ياق، ھەممىمىزگە، —— مۇئەللىم خەتنى ئېچىپ ئو. قۇشقا باشلىدى: —

”ھۆرمەتلىك ساۋۇت مۇئەللىم! سۆيۈملۈك ساۋاقداشلار! ساقمۇ سىلە؟ سىلەرنى يەكمۇ سېغىندىم. سىلەرنى بىردەممۇ ئويلىمىغان ۋاق. تىم يوق. ھەر كېچە سىلەر مېنىڭ ’نېمە ئۈچۈن؟‘، ’نېمىشقا؟‘ لىرىمغا جاۋاب بېرىسىلەر. بۇنداق چاغلاردا مەن خۇشال ئويغىنىپ، خاپىلىق بىلەن جىمىپ قالىمەن.

دادام مېنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالماقچى بولغاندا، مۇئەللىملەرنىڭ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ تەربىيىلىرى، يالۋۇرۇشلىرى ئۇنىڭغا ھەرگىز كار قىلمىدى. ئاخىرى دادام دېگىنىنى قىلىپ مېنى شەھەردىكى ’ئىشان هاجىم‘ دېگەن ئادەمگە تالىپلىققا تۇتۇپ بەردى. مېنىڭ تالىپلىق هاياتىم «ھەپتىيەك» يادلاشتىن باشلاندى.

هاجىم ھەر يەكشەنبە كۈنى ئىككىمىزدىن تالىپقا بىردىن هارۋا سۆرىتىپ قويىدۇ. بىز هارۋىنى كوچىمۇ كوچا سۆرەپ يۈرۈپ سوپۇن، سەرەڭگە ساتىمىز. بىر كۈنى شەھەرگە كىرگەن مۇئەللىمگە مەن شۇ هالەتتە

ئۇچراپ قالدىم. مۇئەللىم مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن بولسىمۇ بىر توقاچ سوپۇن سېتىۋالدى ۋە ئاشقان بەش مو پۇلنى: «سەن خەجلە» دەپ ئاللىلى ئۇنىمايلا كېتىپ قالدى. نېمىشقىدۇر شۇ كېچە يىغلاپلا چىقتىم.
سىلەر ئىشان ھاجىمنى تونۇمايسىلەر ھەقاچان. ئۇ ئېگىز بوي، توپتەك سېمىز، سېرىقچىراي، قىزىل ساقال، كۆزلىرى بولسا بىر پىيالە چاي پاتقۇدەك چوڭقۇر ئادەم، ئۇنىڭ چىرايىغا بىر قاراپلا زالىملىقىنى بىلىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس.
بىر كۈنى مەن بىر تالىپ دوستۇمنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ تۇراتتىم. بۇنى كۆرگەن ھاجىم
-- ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتما، -- دېدى.
-- نېمە بولىدۇ دولىسىنى تۇتسا؟ -- دەپ سورىدىم مەن تالىپلارغا خاس مۇلايىم تەلەپپۇزدا، سىلەر بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ ماختايدىغان، كۆنۈپ قالغان ئادەتتەم بويىچە 'نېمە ئۈچۈن' ، 'نېمىشقا' لىرىمنى ئىختىيارسىز باشلاپ.
-- يامان بولىدۇ.
-- قانداق يامان بولىدۇ؟
-- ئادەمنىڭ ئىككى دولىسىدا ئىككى پەرىشتە بار.
-- پەرىشتەلەر دولىمىزدا نېمىش قىلىدۇ؟
-- ياخشى-يامان ئىشلىرىمىزنى خاتىرىلەيدۇ. سەن ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتسالڭ، پەرىشتىلەر . . . ھىم . . . پەرىشتىلەر . . . ئاغرىپ كېتىپ.

-- شۇڭا يامان بولامدۇ؟
-- ئەلبەتتە.
-- ئەمىسە بىزمۇ سىلىگە ئەپكەشتە سۇ ئەكىرىمىز. سىلىمۇ ئاخشام: ''غازاخۇن دۇئا قىلدۇردى' دەپ يوغان بىرتال بادراڭ ياغاچنى دولى-

لىرىغا قويۇپ ئىلىپ كىرلە. بۇنداق چاغلاردا پەرىشتىلەر مەن تۇتقاندىنمۇ بەكرەك ئاغرىپ كېتىپ، تېخىمۇ يامان بولامدۇ؟

-- ئۇ. ئۇ چاغدا. .

-- ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ، ھاجىم؟ -- مەن دۇدۇقلاشقا باشلىغان ھاجىمنىڭ سۇرلۇكلىكىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك سورلۇېرىپتىمەن.

-- ئۇ چاغدا. . . ئۇ چاغدا. . ھىم. . . ئۇ چاغدا پەرىشتىلەر بىر تەرەپكە قېچىپ تۇرىدۇ.

-- نېمىشقا مەن ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتقاندا پەرىشتىلەر بىر تەرەپكەرەك قېچىپ تۇرمايدۇ ئەمىسە؟

-- .

ھاجىم لام-جىم دېمىدى. ھاجىمنىڭ قولىقى سەل ئېغىرراق بولغاچقا، ناگان-ناگاندا بەزى سۆزلەرنى ئاڭلىماي قالاتتى. شۇڭا مەن، گېپىمنى ئاڭلىماي قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم-دە:

-- نېمىشقا قېچىپ تۇرمايدۇ، ھاجىم؟ -- قايتا سورىدىم، تالىپلارنىڭ پىخىلداپ كۇلۇشلىرىدىن ھەيران قالغان ھالدا.

-- مانا مۇشۇنىڭ ئۇچۇن! ھۇ، كاپىرنىڭ كۇچىكى! -- ھاجىم سەكرەپلا تۇردى-دە، ئوغلى ئات قىلىپ ئويناۋاتقان ئۇجمە تايىقنى قولىغا ئالدى.

ھوشۇمغا كەلسەم، تالىپلار قېشىمدا ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، تاياق سۇنۇپ كېتىپ، تامغا تېرەكلىك تۇرغان ئەپكەش بىلەن ئۇرۇشقا باشلىغاندا ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. مېنى دوختۇرغا ئاپىرايلى، دېيىشكەن ئىكەن، ھاجىم پەقەتلا ئۇنىماپتۇ. مەن كۆزۈمنى تېخىمۇ چوڭراق ئېچىشقا تىرىشتىم، بىراق ئاچالمىدىم. قاپاق ۋە قولاق تۇۋلىرىم چىدىغۇسىز دەرىجىدە زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. بەدەنلىرىممۇ كۆكۈرۈپ كەتكەن ئىدى. دادام دائىم ھاجىم ئۇرغان يەردىن قىزىل گۇل ئۇنىدۇ

دەيتتى. ئەجبا، مېنىڭ بەدەنلىرىمدىن قىزىل گۈل ئەمەس، يۆتۈنلەي
’كۆك گۈل‘ ئۈنۈپ چىقتىغۇ؟ ھېچ چۈشىنەلمىدىم.

ئەتىسى جۇمە نامىزىدىن قايتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر تالىپ دوستۇم دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قاپىقىمنى تاڭدۇرۇپ قويدى ۋە بىزنىڭ يېزىغا بارىدىغان بىر تراكتورغا چىقىرىپ قويدى. مەن: ’بۇ قېتىم دادام مېنى بۇ ھالەتتە كۆرسە، چوقۇم ئىچى ئاغرىپ ھاجىم قېشىغا ئاپىرىپ قويمايدۇ، يەنە مەكتەپكە بارالايمەن.‘ دېگەندەك تاتلىق خىياللارنى سۈرگەچ، بارلىق خاپىلىق ۋە ئاغرىقلىرىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالدا خۇشال ئۆيگە كىردىم. بىراق، تەلپىكىم ۋە چاپانلىرىمدىكى قان يۇقلىرى ئانامنى ھوڭرىتىپ يىغلىتىۋەتكىنى بىلەن، دادامغا قىلچە تەسىر قىلمىدى. شۇڭا بۇ قېتىممۇ دادامنىڭ ئىللىق چىرايى بىلەن ئەمەس، تىل-تاياقلىرى بىلەن كۈتۈۋېلىندىم. دادام مېنى ھاجىمدىنمۇ بەكرەك ساۋىدى. بۇ مېنىڭ دادام تەرىپىدىن 6-قېتىم ساۋىدىلىشىم ئىدى. مەنغۇ مەيلى، ئانامنىڭ مەن ئۈچۈن يېگەن تاياقلىرىنى ئويلىسام سەبىي يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتىدۇ.

ئانام بىلەن ئىككىمىزنىڭ دادامنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قىلغان نالىمىز، يالۋۇرۇشلىرىمىز بۇ قېتىممۇ كار قىلمىدى-دە، مەن شۇ كېچىسىلا ھاجىمنىڭ ئالدىغا تەق قىلىنىپ بولدۇم، دادام كەتكەندىن كېيىن، ھاجىم تالىپلارغا ئىبرەت قىلىپ: «يەنە قاچامسەن؟» دەپ مېنى بىر تالىپقا ھاپاش قىلدۇرۇپ يالىڭاچلانغان دۈمبەمگە ئون نەچچىنى ئۇردۇ ۋەتتى ۋە قورئاننى تۇتقۇزۇپ: ’بۇ ئىشلارنى ئاغزىمدىن چىقارسام مېنى خۇدا ئۇرسۇن، قارا يۈز بولۇپ كېتەي، كاپىر بولۇپ كېتەي‘ دەپ قەسەم قىلدۇردى. باشقا تالىپلارمۇ شۇنداق قەسەم قىلدۇرۇلدى.

مۇئەللىم، دوستلىرىم، يەنە نۇرغۇن سۆزلىرىم بارئىدى. ھەممىنى يېزىشقا كۆز يېشىم ئىمكان بەرمىدى. يەنە يازسام يازغانلىرىمنى ياشلىرىم

بويىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. خەير-خوش. مەن يەنە قاچىمەن. ھامان بىر كۈنى سىلەر بىلەن بىللە ئوقۇيمەن!
ئايۇپ"

ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغان مۇئەللىم خەتنى ئاران ئاخىرلاشتۇرالىدى. سىنىپتا بولسا جىمجىتلىق ھۆكۈمران ئىدى. بۇ جىمجىتلىقنى پەقەت خىت-خىت سادالار بۇزۇپ تۇراتتى.

1991-يىلى، ئاپرېل، قاغىلىق.

# ئالماشتۇرۇلغان ئۆتۈك

ئاينۇرخانىم چۈشتىن كېيىن ئارسال ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ توختىنى يوقلاپ كىرگەندە، ئۇ، يوتقان يېپىنىپ ئولتۇرغىنىچە ئەدەبىيات دەرسلىك كىتابىنى كۆرۈۋاتاتتى. توختى خانىمنىڭ كىتابنى كۆرۈپلا كىتابنى "شارتتىدە" ياپتى-دە، تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ جىملا يېتىۋالدى. ئاينۇر خانىم رەيلىخان ئاچا بىلەن تىنچ-ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، توختىنىڭ بېشى تەرىپىگە سېلىنغان كۆرپىدە ئولتۇردى ۋە توختىدىن ئەھۋال سورىدى. شۇ ئەسنادا خانىمنىڭ نەزەرى ئىختىيارسىز ئۆي ئىچىگە ئاغدى: توختى ياتقان پاكارغىنا سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان كىگىزنىڭ كونىلىقىدىن ئاستىدىكى قارىداپ كەتكەن بورا مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرىنچى ئاي كىرىپ قالاي دېگەن بولسىمۇ، بۇ ئۆيگە تېخىچە مەش قويۇلمىغان بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدىن مۇز يېغىپلا تۇراتتى. بۇ ھال ئاينۇر خانىمنىڭ يۈرىكىنى ۋىژژىدە چېقىپ ئۆتتى.

—— كۆمۈر ئەكەلدۈرەلمىگەچكە، مەش قويالمىدىم، خانىم. —— دېدى رەيلىخان ئاچا داستىخان سېلىۋېتىپ، —— پۇتۇم ساق بولسىمۇ خاتىغا ئۆزۈملا باراتتىم، قېرىشقاندەك بۇ كېلىشمەسلىك... توڭۇپ قالامسىمۇ؟ —— رەيلىخان ئاچا تۇتقۇچلىرى شوينا بىلەن چېگىلگەن چىغ چايداندىن تېۋى چىقىپ قالغان چاينى پىيالىغا ئاۋايلاپ قۇيغاچ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا قوشۇپ

قويدى. -- زاغرا بولسىمۇ يەپ باقسىلا خانىم، بۇغداي نېنى يېقىپ قويماپتىكەنمەن.

"بەش بالا (چوڭى توختى) بىلەن تۇل قالغان ھەم كېسەل- چان بۇ ئايالنىڭ مىسكىن ھالى كىمنىڭمۇ يۈرىكىنى ئەزمەيدۇ- ھە؟ شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھالىغا كىممۇ يېتەر؟!." دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈرگەچ، ئاغزىغا سالغان بىر بۇردا ناننى تەسلىكتە چايناپ يۇتۇۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ گېلىنى نېمىدۇر بوغۇۋالغاندەك قىلاتتى.

-- دەرس ئارىلىقىدىلا يوقلاپ چىقاي، دەپ كىرگەنتىم، -- دېدى ئاينۇر خانىم، سومكىسىدىن ئىككى بولاق قەنت ئېلىپ داستىخانغا قويغاچ، -- ئىمتىھان يېقىنلىشىۋاتقاندا بۇنداق يې- تىپ قالغىنىڭ ياخشى بولماپتۇ توختى، مەن سېنى ھازىرلا دوختۇرغا ئاپىراي.

بايىدىن بېرى خىجىللىقتىن ئۆپكىدەك ئېسىلىپ ياتقان توختى بېشىنى دەس كۆتۈردى-دە، ئانىسىنىڭ تەكەللۇپلىرىنى بۆلۈپلا سۆز قىستۇردى:

-- رەھمەت، خانىم. ئەتىگىچە چوقۇم ساقىيىپ كېتى- مەن، دوختۇرخانىغا بارمىساممۇ بولىدۇ.

-- شۇنداق، دوختۇرخانىغا بارمىسۇن، تۈنۈگۈنكىدىن بۈ- گۈن خېلى ياخشى. سىلىنىمۇ ئاۋارە قىلمايلى، -- دېدى رەيلى- خان ئاچا ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ.

خانىم ئەتىگىچە قاراپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى-دە، ئورنى- دىن تۇردى ۋە:

-- ئاز بولسىمۇ بۇنىڭغا كۆمۈر ئېلىپ قالاپ تۇرسىلا. كېيىنچە يەنە بىر گەپ بولار، -- دېگىنىچە ئون يۈەنلىك پۇلدىن ئىككىنى رەيلىخان ئاچىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە سىنىپ باشلىقى سەمەت ئاينۇر خانىمنى ئىشخانىدىن چاقىرىپ پەس ئاۋازدا:

-- خانىم، توختى ئاغرىق ئەمەسكەن، -- دېدى.

-- ئاغرىق ئەمەسكەن؟ -- خانىم ھەيران قالدى.

-- ھەئە، ئۇ ساقكەن، ئۆزى ئاخشام شۇنداق دەيدۇ.

-- ئەمىسە نېمىشقا مەكتەپكە كەلمەي يېتىۋاپتۇ؟

-- مەنمۇ شۇنداق دەپ سورىسام، دەپ بەرگىلى ئۇنىمىغانىدى. باياتىن 1-يىللىقتا ئوقۇيدىغان ئۇكىسىدىن سورىدىم، توختىنىڭ قىشلىق ئايىغى يوقكەن، نەچچە كۈننىڭياقى يازلىق ئايىغى بىلەن يۈرۈپتىكەن، ئۇلۇشكۈن قار ياغقاچقا، سىرتقا چىقالماپتۇ.

ئاينۇر خانىمنىڭ ئويچان كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغان ئىدى ”بىچارە توختى، مېنىڭ بىپەرۋالىقىمنى كەچۈر! يېقىندىن بېرى سېنى ھەر كۈنى نېمانداق كېچىكىۋېرىسەن دەپ سوراق قىلىۋەرگىچە پۇتۇڭغا قاراپ باقسامچۇ؟ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىشلىق كىيىنىش ئەھۋالىنى بىر قۇر كۆزدىتىپ باقسامچۇ؟! ھەي ئىست!.“

ئۇ، شۇلارنى ئويلىدى-دە، ھايال بولماي سىرتقا چىقىپ كەتتى.

-- ئانا، بۇ ئۆتۈكنى ماڭا ئاپسىز-ھە؟ -- سورىدى سۇل-تان ئانىسىنىڭ قولىدىكى قارا خۇرۇمدىن تىكىلگەن يېڭى ئۆ-تۈكنى قولىغا ئېلىپ، - ئەجەب چىرايلىقكىنا!

-- ياق، توختىغا ئالدىم. .

-- توختىغا؟ !

-- سېنىڭ پۇتۇڭدىكى ئۆتۈكۈڭ ساق ئەمەسمۇ؟ ماڭ، بۇنى ھازىرلا توختىغا ئاپىرىپ بېرىپ كەل!

-- مەن ھازىر بوۋامنىڭكىگە باراتتىم، بۇگۈن ئۇ يەردە قونۇپ قالىمەن، -- سۇلتان ئۆتۈكنى ئاپىرىپ بېرىشكە قەستەن ئاغا قىلىپ گېپىنى ئۆزگەرتتى.

-- ھە، ئۆتۈكنى توختىغا ئاپىرىپ بېرىپ، ئاندىن بارساڭ-مۇ كېچىكمەيسەن!

* *

ئەتىسى ئاينۇر خانىمنىڭ سىنىپقا كىرىپلا دەسلەپ كۆرگى-نى ئالدى پارتىدا ئولتۇرغان توختى ۋە ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئۆتۈك بولدى-دە، ھەيران قالدى. چۈنكى، توختىنىڭ پۇتىدا كەيگىلى بىرەر يىلچە بولغان نىمكەش ئۆتۈك تۇراتتى. بۇ نېمە ئىش؟

-- توختى، پۇتۇڭدىكى ئۆتۈكنى كىم ئېلىپ بەردى؟ -- سورىدى خانىم دەرستىن كېيىن توختىنى چاقىرىپ.

-- ئاخشام سۇلتاندىن ئەۋەتىپتىكەنلىغۇ، خانىم، -- دېدى تېخىمۇ ھەيران بولۇپ

-- ھە؟ ! -- خانىم بۇغداي ئۆڭ چىرايىنى غەلىتە بىر تۇردى. يېڭى ئۆتۈك سۇلتانىنىڭ پۇتىدا ئىدى. ئەسلىدە سۇل-

تان: „مەن ئۆز بالىسى بولغاندىكىن، يېڭى ئۆتۈكنى كەيسەم نېمە بوپتۇ؟“ دەپ ئويلاپ ئۆتۈكنى يولدىلا ئالماشتۇرىۋالغان ئىدى.

— سۇلتان، پۇتۇڭنى ياقىلا چىقە!

سۇلتان ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، تىرنىقىنى كولاشقا باشلىدى.

— پۇتۇڭدىكى ئۆتۈكنى مەن توختىغا ئاپىرىپ بەر، دېگەنمۇ ياكى ئۆزۈڭ كەي، دېگەنمۇ؟

— .

— گەپ قىل دەيمەن!

— توختىغا ئاپىرىپ بەر، دېگەن، — دېدى سۇلتان يىغىسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ.

— ئەمىسە نېمىشقا ئۆزۈڭ كىيىۋالدىڭ؟ مۇشۇنداق مەككارلىق قىلساڭ بولامدۇ؟ سال ئۆتۈكنى!

سۇلتان غىڭ-پىڭ قىلماي ئۆتۈكنى سالدى-دە، توختىغا تەڭلىدى. ئىشىنىڭ تەكتىنى ئۇققان توختى ئالدىراپ:

— ياق، بولدى خانىم. مەن مۇشۇ ئۆتۈكنى كىيىۋېرەي، بۇمۇ يېڭىكەنغۇ؟ دېدى ئۆتۈككە قول ئۇزاتماي.

توختى، سەنمۇ ئۆتۈكنى سال! — خانىم يەنە بۇيرۇق قىلدى.

ئاخىرى توختى سۇلتانىنىڭ قولىدىكى يېڭى ئۆتۈكنى كىيىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ تاپتا توختىمۇ، سۇلتانمۇ يىغلاۋاتاتتى. ئەمما ئىككىسىنىڭ يىغىسى ئوخشىمايتتى. بىرى، خىجالەتتىن

يىغلىسا، يەنە بىرى، ئۇستاز مېھرىدىن سۆيۈنۈپ يىغلاۋاتاتتى.

1990-يىلى، مارت، قاغىلىق.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەغپىرەت كامال
مەسئۇل كوررېكتورى: خەيرىنسا روزى

ساماۋى قەلئە
(پوۋېست-ھېكايىلەر)
چوپانى
نەشر قىلغۇچى
مىللەتلەر نەشرىياتى
ۋە تارقاتقۇچى
(بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 5-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013)
تىزغۇچى مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1995-يىل 4-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1995-يىل 4-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى 20 .3 يۈەن

مۇقاۋىنى ۋاڭ سوڭ ئىشلىگەن
كىتاب ئىسمىنى ياسىن مەھەممەت يازغان

قەدىرلىك كىتابخان: سىز بەلكىم ھاياتتىكى چىن مۇھەببەت، سەمىمىي ساداقەت، پاك، سەبىي ئېتىقادقا ئوخشاش گۈزەل، نازۇك، ئالىيجاناب ئىنسانىي خىسلەتلەردىن ھوزۇرلىنىشنى خالايدىغانسىز؟ ئالدامچىلىق، خوشامەتچىلىك، پەسكەشلىك ۋە خۇراپاتلىققا ئوخشاش ھاياتنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان، بۇلغايدىغان رەزىل نەرسىلەردىن ھوشيار بولۇشنى، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنى ۋە ئۇنى يېڭىپ چىقىشنى ئويلايدىغانسىز؟

قولىڭىزدىكى بۇ توپلام سىزنى يۇقىرىدىكى ئارزۇيىڭىز بويىچە، سىرلىق ھايات قەلئەلىرىدە ساياھەت قىلدۇرىدۇ.

ISBN 7-105-02170-5

ISBN 7-105-02170-5/I · 506
民文　(维 79)　定价：3.20元